# تارىم

5

1989



يولداش تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا تەبرىك سۆز سۆزلىمەكتە.



يولداش ياسىن خۇدابەردى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.



يولداش قەييۇم تۇردى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا يىغىن يېپىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.



ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتلەرنى ئەخمەت ھامۇت، غوپۇر قادىر، سۇن جيابىڭلار تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى**

نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشتا، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشى لازىم. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئوبزور ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ھەرخىل ئۇسلۇب، ھەرخىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەركىن رىقابەتلىشىشىنى، ئىلمىي ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدىكى تەنقىد ۋە قارشى تەنقىدنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

*　　*　　*

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

**شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە**

يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامادىن مۇزدەك لەھەتكە.
قالدى چاقنىغان نۇرلىرى، لېكىن
تۈگىمەس ناخشىدا بەلكى ئەبەدكە.

*　　*　　*

**تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى**

تالانتلىقلارنى بايقاش، كۆرۈش ۋە ئۇلارنى يۆلەش بىر مىللەت، بىر خەلق ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش.


# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

5

1989

39-يىل نەشرى

# بوستاندا

## ماقالىلەر


ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى..........................................

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز..........................تۆەۋر داۋامەت 15

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز..............................جانابىل 22

يولداش جانابىلنىڭ تېيىپجان ئېلىيوپقا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى....................................................... 28

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى....................................................... 31

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى............................... 115


## نەسرىي ئەسەرلەر


ۋاڭ مىڭ..................تېيىپجانغا يىغلايمەن (ئەسلىمە).................................. 43

ۋاڭ گۈلىن.................«زەر تون ـ لىباسلىق تالقان تۆكتى چاغ» (ئەدەبىي خاتىرە)............................................................... 47

ئەخەت تۇردى..................سەن قويغان قەلەمنى مىڭلار قولىغا ئالىدۇ (ئوچېرك) ............................................................... 67

نۇرمۇھەممەت زامان........شائىر بىلەن بولغان سۆھبەت (ئەسلىمە)................ 82

تۇردۇش..................تېيىپجان مەڭگۈ ھايات (ئەسلىمە).................................. 93

زۇنۇن تاھىر، ئەركىن قادىر..................تۈگىمەس تۇساقلار (ئوچېرك)...................... 120


## شېئىرلار


سەيپىدىن ئەزىزى..........ئىككى شېئىر.................................................. 35

توختى سابىر..................ئۆچمەيدۇ نامىڭ مەڭگۈگە.................................... 37

لىۇ شاۋۋۇ..................تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە.................................... 37



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياسىن خۇدابەردى.......... كۆككە يەتتى قەلبلەرنىڭ پەريادى.........39
ئەلقەم ئەختەم.............. ئۇنتۇلماس زادى.............................39
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.......... شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە.........40
ئەزىزوپ قاسىم............. بىزگە تەۋەررۈك كۆيلىرىڭ....................40
شاكەن ئوگالباپېۋ............ ئېسىمدە....................................41
ئۆمەر غازى ئايتان.......... ئۇنتۇلماس دوست.............................41
رەخمىتۇللا ئەبشە............ ئەلۋىدا ....................................42
مۇھەممەت رەھىم............ ئەككى شېئىر ...............................56
باتۇر راشىدىن.............. تېيىپجانغا مەرسىيە...........................57
رەھمىتۇللا جارى............. تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە..................58
تۇردى ساماساق.............. ئەلۋىدا.....................................58
خېۋىر تۆمۈر................ ئەلۋىدا ....................................61
كوللېكتىپ.................. شېئىرلار ...................................61

ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ئاپتونيوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.......150
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە-
سىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.......................151
ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا تەزىيە بىلدۈ-
رۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى..............................156

* * *

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

www.uyghurkitap.com

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى

(1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى ئون يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۇزاققىچە مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى ۋە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، تىنچ - ئىتتىپاق، دېموكراتىك، ئىناق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش لازىم.

(1) ئون يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان (سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش) «سول» چىللىق بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى توغرىسىدىكى تار چۈشەنچىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيە جەھەتتە زور دەرىجىدە ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىجادىيەتتە ناھايىتى زور ئەركىنلىككە ئېرىشتى، روھىي قىياپىتى تۈپتىن يېڭىلاندى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى سان جەھەتتە مىسلىسىز كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئالغا بېسىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك زاما-

ئېۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ مە-
نىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپە قوشتى. سوتسىيالىستىك
مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇنلىغان
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە چەتتىن كىرگەن پايدىلىق مەدەنىيەت پائال قو-
بۇل قىلىنىپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. مەزمۇن، ژانىر،
شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردە كۆپ خىللاشقان گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيەت بارلىققا
كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىزبىزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە تەتقى-
قاتى پەيدىنپەي جانلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيەۋى قارىشى يېڭىلاندى ۋە را-
ۋاجلاندى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە كەڭ،
چوڭقۇر قانات يايدى. يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەدەلىيەتتى يېڭى ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر، ياش ئەدە-
بىيات - سەنئەتچىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبى-
رىگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. خەلق ئاممىسى ئالقىشلايدىغان ۋە ئىشىنىدىغان
پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلاردىن تەركىب تاپقان سوتسىيالىستىك ئەدەبى-
يات - سەنئەت قوشۇنى پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ زورايماقتا. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى،
بۇ ئون يىل ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە ئىدىيە جانلانغان، مول مۇۋەپپەقىيەتلەر
قولغا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىققان دەۋر
بولدى.

(2) ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەت پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنىڭ چوڭ-
قۇر ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى، پارتىيىنىڭ ئون يىلدىن
بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە قالايمىقانچىلىقنى تۈزىگەنلىكى ۋە ئەدەبىيات -
سەنئەت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭ جەھەتتە تەكشىگەنلىكى، كەڭ ئەدەبىيات -
سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجابىي ئەمگەك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئون يىللىق قا-
لايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتلىرى زور بىر تۈركۈم
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلىرىنى ئاقلاپ، زىيان-
كەشلىككە ئۇچرىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ نا-
مىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، «ئەدەبىيات-
سەنئەتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» شوئارى قايتا تىلغا ئېلىنماستىن،
«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ئەدەبىيات-
سەنئەت خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى قىلىندى؛ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە
ئېقىم بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش قايتا تەكىتلەندى ھەممە ئە-
دەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر-

مۇنچە سىياسەتلەر تۈزۈپ چىقمادى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن بەزى پاسسىپ ھادىسىلەرنى تولۇق تەنقىد قىلدى ۋە يېتەكلىدى. پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزگەرتىشلىرى كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان ھالدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پايدىلىق مۇھىت ۋە كەيپىيات يارىتىپ بەردى.

(3) نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلەلەر ئەدەبىيات-سەنئەت رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇيۇشمىسى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئانچە ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئالاقىدار ئىقتىسادىي سىياسەتلەر مۇكەممەل ئەمەس؛ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە دەۋر روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن داڭلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، پاسسىپ، چاكىنا، كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكرىنى چېچىۋېتىدىغان، جەمئىيەتتە تەسىرى يامان بەزى ئەسەرلەر پەيدا بولدى؛ ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئىلمىي ئاساستىكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئەدەبىي تەنقىد دائىم جانلىق قانات يايدۇرۇلمىدى، ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىدىكى بەزى يولداشلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى كەمچىل، كەسپىي ئاساسىي ماھارىتىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش روھى كەمچىل؛ بەزى يولداشلاردا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كەمچىل، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. شۇڭا، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش، قورۇلۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

(4) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولماقتا. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىسىگە بولغان تونۇشتا ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەرەققىيات داۋامىدا ئوبيېكتىپ، دىئالېكتىكىلىق ھالدا تەھلىل قىلىش كېرەككى، ھەرگىز ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەم ياخشى تەرەپنىلا كۆرۈپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە سەل قاراشتىن ساقلىنىش، ھەم كەمچىلىكلەرنىلا ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىپ يېڭى مەسىلىلەرنى كونا كۆز قاراش، كونا ئۇسۇل بويىچە كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

2. «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش.

(1) ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەڭكىشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ـــ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە مۇقىم راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ـــ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كەڭ ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ كۆپ خىللىق، كۆپ قاتلاملىق بولۇش تەلىپىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، خەلقنى چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەپ، تەسىرلەندۈرۈپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەتىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى تەرغىب قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىشلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پائال ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە، كىشىلەردە ئەخلاق، مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ھەر خىل ئەسەرلەرنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. بۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولۇشى لازىم. بىز ئىنقىلابنى، قۇرۇلۇشنى ۋە بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەشكىمۇ، قەبىھ، چىرىك شەيئىلەرنى قامچىلاشقىمۇ موھتاج. بۇنىڭدا مىللەتنىڭ ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشقىنى ئېچمۇدىتىشنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسەت ۋە ئاساسىي مۇقام قىلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ بولمىغان، ئىدىيە جەھەتتە زىيىنى يوق، بەدىئىي جەھەتتە قوبۇل قىلىنىشقا بولىدىغان، كىشىلەرگە بەدىئىي زوق ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغانلىكى ئەسەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز ئېلىمىزنىڭ ئېسىل ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، شەخسلەرنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇشى، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ئەۋلادلاردىن بولۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(2) ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى ئەمگەك بولغانلىقى ئۈچۈن، شەخسنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىجادىيەت قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىنچ، ئىتتىپاق، دېموكراتىك، ئىناق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم. نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش لازىم. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئوبزور ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجادىيەتتە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى، ھەر خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەركىن رىقابەتلىشىشىنى، ئىلمىي ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدىكى تەنقىد ۋە قارشى تەنقىدنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۆزلىرى مۇزاكىرە قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ، سەنئەت ئەمەلىيىتىدە پەيدىنپەي ھەل قىلىش لازىم، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئارىلاشماسلىق كېرەك.

ئىجادىيەت ئەركىنلىكى پارتىيىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى توغرا تەشەببۇسى، ئۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ، ھەم ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش دېيىشكە، ئىجادىيەت داۋامىدىكى ئاز-تولا مەسىلىلەرنى كۆپۈپلا ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىمۇ، ھەم ئۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق، دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولمايدۇ.

(3) ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاساسەن، بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسەت بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىيغا بېقىندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىيدىن ئايرىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتە كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغان رولى ئىنتايىن زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رولىنى بەك كۆپتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

(4) مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىمۇ ئەيىنەك قىلىش لازىم. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە كەمستىش، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتماسلىق كېرەك. تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىش كېرەك. چەت ئەل مەدەنىيىتىگە

قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بارلىق پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ناچار، چىرىك نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش كېرەك. فېئوداليزم ۋە كاپىتاليزمنىڭ چىرىك ئىدىيە ۋە ئەخلاقىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ۋە چەكلەش لازىم. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى تاللاپ ۋە قوبۇل قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دەۋر روھىغا ئىگە شانلىق يېڭى مەدەنىيىتىنى يارىتىش لازىم.

(5) سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ بىردەكلىكى ۋە مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تۈپ يۆنىلىشى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تۈپ ۋەزىپىسى جەھەتتە بىردەك بولۇشى لازىم. بىز «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» بىلەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تىن چەتنەپ كەتسەك، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش» يۆنىلىشتىن ئايرىلىپ قالىدۇ؛ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش» تىن چەتنىسەك، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز. بۇ ئىككىسى بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

3. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى تىرىشىپ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش.

(1) پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكى سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش جەھەتتىكى رەھبەرلىك. بۇ ئاساسەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئۇنى تەڭشەپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشى بويىچە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى؛ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كاپالەتلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگاردلىق، نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىغا مۇھىم كادىرلارنى كۆرسىتىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تارتىۋالماسلىقى، ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ چات كىرىۋالماسلىقى كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھ-

بەردىي ئورگانلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپلاردىن چەتنەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىكى باشقا تەرەپلەرنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆپ، بەك كونكرېت ئارىلىشىۋالسا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى چەكلەپ قويىدۇ، ئۆزىنىمۇ كونكرېت ئىشلار پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ - دە، سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە [illegible] جەھەتتىن تەكشەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىسىز.

(2) پارتىيىنىڭ رەھبەردىي ئورگانلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە قانۇنىيىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي مەسىلىلەرگە ئاز ئارىلىشىشى كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا كەڭ كىتابخانلار، ئاممىۋى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئۆزلىرى باھا بېرىشى لازىم، ئەدەبىي ئەسەرلەر تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەتكە ياتىدىغان بەزى مەسىلىلەردە ھەق - ناھەقنى دەرھال ئېنىق ئايرىغىلى بولمىسا، مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويۇش، ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە بىر تۇتاش يەكۈن چىقىرىشمۇ ھاجەتسىز. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بولغان مەنئىي قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىدىن سىرت، ئادەتتىكى ئىلمىي ۋە سەنئەت مەسىلىلىرىنى مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئىجابىي، ساغلام ئوبزورلار ئارقىلىق توغرا ۋە ياخشى نەرسىلەرنى تەشەببۇس قىلىش، توغرا بولمىغان ۋە ياخشى بولمىغان نەرسىلەرنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئىلىمنىڭ ۋە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بەس - مۇنازىرە قىلغان، مۇسابىقىلەشكەن ھەرقايسى تەرەپلەرگە تەڭ پۇرسەت بېرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش لازىم. ئوبزور بازىسى بولغان گېزىت - ژۇرناللار ئۆزلىرى قىزىقىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەرنى ئېلان قىلىپ قويۇپلا، ئۇنىڭغا قارشى كۆز قاراشلارنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ساغلام بولمىغان پىكىر ئېقىملىرى ۋە كەيپىياتلارنىڭ ئوبزورچىلىق بازىسىنى مونوپول قىلىۋېلىشىدىن پەخەس بولۇش لازىم. ئەدىبلەر ۋە ئەسەرلەرگە نىسبەتەن كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، بىر تەرەپلىمىلىكنى ئومۇمىيۈزلۈك دەپ قارىماسلىق، ھەممىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ياكى ھەممىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك لازىم. ئايرىم ئەسەرلەردە، ئايرىم كىشىلەردە خاتالىق بولغانلىقى سەۋەبلىك پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە ياكى مەلۇم بىر ئەدەبىيات - سەنئەت تارمىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك مەمۇرىي تەدبىر قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(3) رەھبەرلەر پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە ياخشى رەھبەرلىك

قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى ئەتراپلىق قىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى چۈشىنىپ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە پارتىيىنىڭ تۈزىتىش زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭگوۋا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى، ئىشلەۋاتقان خىزمەتلىرىنى، دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ پىكىرلىرىدىكى قۇلاق سېلىش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى رەھبەرلەرنىڭ كىتابخان ياكى تاماشىبىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا ئېيتقان شەخسىي پىكىرلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بۇيرۇق، دەپ قارىماسلىقى بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سەنئەتكارلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن بارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە دائىر قائىدە - بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. قانۇنغا خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىش زۆرۈر بولغان ئەسەرلەرنى ئەدلىيە ئورگانلىرى ياكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھوقۇق بېرىلگەن تارماقلار قانۇن ياكى ۋالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

4. ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش.

(1) ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئەدەبىيات - سەنئەت سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، جايلىشىشىنى تەڭشەش، باشقۇرۇشنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، لېكىن قەدەم ئانچە چوڭ بولمىدى. مۇناسىۋەت راۋان بولماسلىق، ئۇنۇم تۆۋەن بولۇش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار تېخى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى. شۇڭا، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش لازىم.

(2) ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا ئالدى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئامما ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. پارتىيە سىياسىي رەھبەرلىكنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھۆكۈمەت، ئاساسەن، قانۇنىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇنى پىلانلىشى، ماس-

www.uyghurkitap.com

لىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چوڭقۇرلىشىشتا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

(2). ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم مەسىلە. يېڭى تارىخىي دەۋردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتى ھەر خىل دەۋرلەردە ھەر خىل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى جىددىي سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابىي ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەردە كۆز قارىشىنى ساقلاپ قېلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا.

جەمئىيەتتە كەسكىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىدا ئىدىيە جەھەتتە بەزى ئىختىلاپلار ۋە مالىمانچىلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش تەس. ئۇ ئالغا بېسىش داۋامىدىكى مەسىلىلەر بولۇپ، قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى تۈپ لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش داۋامىدا، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا تونۇشنى بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زېھنىي كۈچىنى ئەسەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى خەلقنى تېخىمۇ كۆپ ھەر خىل مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىشتە گەۋدىلىنىشى كېرەك.

بىزنىڭ شوئارىمىز يەنىلا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش. قاتمال نۇقتىئىنەزەرلەرگە يېپىشىۋالىدىغانلار ۋە ماركسىزمنى ئىنكار قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ساندا. ئىدىيە جەھەتتە ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە بىر مەھەل يېتىشىپ ماڭالماسلىقنى قاتماللىق دېمەسلىكىمىز، سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن سۆزلەرنى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش دېمەسلىكىمىز لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك. ئۇلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەمۇنىچىسى، پائال ئالغا

(داۋامى 26-بەتتە)

بولدى نورۇز پەسلىدە ئەھلى سەنئەت جۇغى-جەم
غەلىبىنىڭ ئەنتەنىسى بىز ئاشلىغان يېڭى قەدەم

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

**تۆمۈر داۋامەت**

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆز

(1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

ۋەكىللەر، يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە دائىر چوڭ ئىشلار ئۈستىدە بىرلىكتە كېڭەشمەكچى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئۇزاقتىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا، سەنئەتچىلىرىگە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى دوستلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ھەم چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى دەل «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى كۈنى ئېچىلدى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلتايغا قاتنىشقان ئايال ۋەكىللەرنى تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

يولداشلار، ئون يىللىق ئىسلاھات ئېلىمىزدە ئىدىيىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى. ئوخشاشلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە ئىجادىي كۈچ بەخش ئەتتى، ئەدەبىيات -

سەنئەت ئىشلىرىمىزدىمۇ گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كۆپ مىللەتلىك، تالانتلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. [illegible] ئەدەبىياتى يېڭى تارىخىي دەۋردە تېخىمۇ پارلاق نۇر چېچىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىدىيەۋى قاراش، بەدىئىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە كىشىنى شادلاندۇرىدىغان زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىپ، خىلمۇ خىل ۋە كۆپ قاتلاملىق ئىجادىيەت تۈپلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەدرىجىي ھالدا مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبىنى يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇيغۇنلاشتى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەتتە پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مول مېۋىلىرى. قان - تەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇنداق مېۋە شېرىن بولىدۇ ۋە خۇش پۇراق چاچىدۇ.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى سەنئەت ساپاسى جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتى يۇقىرى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش تەلىپىگە دېگەندەك ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمىدى، ئىدىيەۋى قاراش تولۇق ئازاد بولۇپ كەتمىدى، بىلىم قۇرۇلمىسى، نەزەرىيەۋى سەۋىيە، ئىپادىلەش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى تەھرىرلەرنىڭ، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي تەلەپ ئۆلچىمى يۇقىرى بولمىغاچقا، سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان بەزى ئەسەرلەرمۇ كۆزگە چېلىقتى. بۇنىڭدىن كېيىن، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا تىرىشىپ ئۇيغۇنلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ گۈللەپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يولداشلار! مەركىزىي كومىتېت يېقىندا «ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» نى

تارقىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئېنىق بېكىتتى. بىز ئۇنىڭ روھىنى ئۆبدان ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» نىشانىدا، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش — مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇزاق مۇددەت مۇقىم راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىمىز «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» نىشانىدا ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىز ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى تونۇپ يېتىشى، ئىجادىيەت ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. يولداش خۇ چىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالىي يۈكسەك بۇرچى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ قاينىمىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئىستىكىنى مىللەتنى روناق تاپتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سۈپىتى يۇقىرى بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي غايىگە ئىلھام بېرىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىمە ۋە كۆپ قاتلاملىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت». يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا قىلغان تەبرىك سۆزىدە: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى باشتىن-ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە-كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى. بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش ۋە يۈكسەك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. يولداش خۇ چىلى مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر

قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن «تەبرىك سۆزى» دە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى تۆت تۈرلۈك پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكى، ئاساسلىقى، سىياسىي رەھبەرلىك. ئەڭ مۇھىمى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. ئەگەر بۇنىڭدىن ئايرىلساق، ئۇ ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، باش نىشان ۋە باش سىياسەتتىن ئېغىپ كېتىمىز. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا پائال يېتەكلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ نىشانى ۋە مەزمۇنىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن سىياسىي ئۆگىنىش، ئىقتىساد ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ھەم ۋەزىيەتنى ئۆگىنىش شۇنىڭدەك تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. بىزنىڭ شىنجاڭدا يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەتلەرنى ئۆگىنىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىگىلەش ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، ھالقىلىق مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك، بۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئالاھىدە زۆرۈر. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ۋە ئوبزور ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارغا ئىجاد قىلىش تېمىسى، ژانىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي شەكلى ۋە ئىجادىيەت جەريانىنى كونكرېت بەلگىلەپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. بەزى ئالاھىدە ئىجادىيەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. ئوبزورچىلىقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردىمۇ، ئىختىلاپلارنى كېسىم قىلماي، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ ئەركىن مۇنازىرە قىلىشىغا، ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىد چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىد قىلىش، قايتۇرۇپ تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئىزدىنىشكە قويۇپ بېرىشىمىز، يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. مەسىلەن، ئاپتونوم رايو-

ىمىزنىڭ زىيالىيلار ساھەسىدە قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ئالساق، بىز بۇ خىل مۇھاكىمىنى قوللايمىز، بۇ بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز. لېكىن كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە يەكۈن چىقارماستىن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلارنى ئۆزلىرى ئىزدىنىپ، مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قويۇپ بېرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇبزورچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇبزورچىلىق كۈچى ئاجىز، قوشۇنىمىز كىچىك، ئۇبزورچىلىق پائالىيەتلىرىمۇ دائىم دېگۈدەك ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈستىدە تېخى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن، گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئۇبزورلارنى كۆپرەك ئېلان قىلىشىمىز، ئۇبزورچىلىق جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپرەك بايقاپ، ئۇبزورچىلىق ئۈچۈن ئورۇن راسلاپ بېرىشىمىز لازىم. ئۇبزورچىلىقنىمۇ باھالاش ئېلىپ بېرىپ، مۇنەۋۋەر ئۇبزورچىلار ۋە ئۇبزورلارنى مۇكاپاتلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇبزورلىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقەتەن قىممىتى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىنى خىراجەت كېتىشتىن قورقماي نەشر قىلىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. پارتىيە كومىتېتلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى كونكرېت نۇقتىئىنەزەر، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئۇبزورچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ زور فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىلا تۇتۇشى كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئۇبزور يېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېلان قىلسا بولىدۇ. دەرۋەقە، رەھبەرلەرنىڭ قارىشى جەزمەن ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بۇيرۇق ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى ئورۇنلۇق ۋە قايىل قىلارلىق بولسا، ئوخشاشلا كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تارماقلىرى كىتابخانلار، تاماشىبىنلار ئىچىدە پەيدا بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى نورمالسىز ھەرىكەتلەرگە قارىتا خىزمەت ئىشلىشى، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىشى لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىش، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆزلىرى مۇستەقىل ھالدا قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ يادرولۇق قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدىكى كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقىمۇ ئىنتايىن

ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى بىلىمىز ۋە چۈشىنىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆپچىلىكنىڭ يېتىشمە-چە ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇنىڭغا تېگىشلىك ياردەم بېرىمىز. شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى، نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭمۇ كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، نەشرىياتچىلىق خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىپ، تۈرلۈك چارە-ئامال ئىزدەپ، دۆلەت يول قويىدىغان دائىرە ئىچىدە كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە ھەقلىق مۇلازىمەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خىراجىتى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە-لەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەق-قىياتىنى پائال قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز زېمىنىمىزدىكە ئالغان شەرەپلىك ۋەزىپە ۋە يۈكسەك بۇرچىنى ئورۇنداش يولىدا پائال ئىجادىي ئىشلىشى، دەۋر روھىغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىشى كېرەك. بۇ بىزدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالماس-لىقىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىدىن مەسخۇش بولۇپ يۈرۈۋەرمەسلىكىمىز، يېڭى مەدەنىيەت يارىتىدىغان مەسئۇلىيىتىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز چەت ئەل مەدەنىيىتىنىلا قوبۇل قىلىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتساق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان بارلىق چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشىمىز، پەرق-لەندۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ، يېڭى دەۋرىمىزگە خاس مىللىي مەدەنىيەتنى يارىتىشىمىز كېرەك. بىز ئەدىبلىرىمىزنى، سەنئەتكارلىرىمىزنى بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. بەدىئىي ئىزدىنىش جەريانىدا يۈز بەرگەن سەۋەنلىكلەرگە ۋە خاتالىقلار-غا جۆملىدىن، ھەر مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان سەۋەنلىكلەرگە ۋە خاتالىقلارغا، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باش فاڭجېنىغا خىلاپ كەلمىسىلا، قەستەن مىللىي ماجرا تۇغدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىلا، ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز، سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بۇ نورمال ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىشنى تەھلىل يۈرگۈزمەي قول ئۇچىدىلا ئىشلەشكە بولمايدۇ. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغاندا جىددىي، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىمىز، ئەلۋەتتە. بۇ جە-

ھەتتە، تەلەپنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش
لازىم. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە
دىل ئازار بېرىشكە بولمايدۇ. رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر-
دىكى ۋەقەلىكنى ئۆزىگە ئەپكەتمەسلىك كېرەك. بەدىئىي ئىزدىنىش داۋامىدا مۇھىم
نەتىجىگە ئېرىشكەن يازغۇچىلارغا، سەنئەتكارلارغا ئىلھام بېرىشىمىز، ئۇلارنى مۇكاپات-
لىشىمىز، ھەتتا ئۇلارغا يۇقىرى مۇكاپات بېرىشىمىز لازىم. ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىل-
لەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرگەن يازغۇچىلارغا ئالاھىدە ئىلھام بېرىشىمىز،
نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرىنى مۇكاپاتلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى ۋە ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە ئەھمى-
يەت بېرىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشى، يەكۈنلىشى ۋە تەشۋىق
قىلىشى لازىم.

يولداشلار! ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىن بۇنىڭدىن
كېيىن پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن ۋە ئەدەبى-
يات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى بويىچە خىزمەتنى دادىل قانات
يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى،
جەمئىيەتلەرنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ياموۇل
ئىستىلىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، تۆرىچىلىك ئاپپاراتىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ ئىك-
كىنچىدىن، ئىجادىيەتنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەسەر ئىجاد قىلىشنى، ئىختىساس
ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆز خىزمەت نەتىجىلىرىنى ئۆلچەيدىغان بەلگە قىلىشى كېرەك؛
ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىلارغا، سەنئەتكارلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئىجا-
دىيىتىنى قوللاش، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن،
يازغۇچىلارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى-
نى قەدىرلەش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى كەڭ
كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش
كېرەك.

ئەدەبىيات-سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، كۆپ ھاللاردا بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىل-
لەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە
ئالغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك
بەنزىسى سايلاپ چىقىلىدۇ. مەن بۇ بەنزىنىڭ قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىدە ۋە ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە جۇشقۇن، خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان
يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى يېڭى
بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە،
تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قۇرۇلتىيىڭلارنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

چانابىل

# جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

(1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

ۋەكىللەر، يولداشلار:

يېقىندا تاماملانغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەر ۋە قۇرۇلتاي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، قۇرۇلتاينىڭ كۈنتەرتىپلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ قۇرۇلتاي ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، ئالغا قاراش قۇرۇلتىيى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلتىيى بولدى. بۇ قۇرۇلتاي ئاخىرلىشىپلا، بۈگۈن بۇ يەردە، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرماقتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نامىدىن قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىل يولداشلارنى ۋە ۋەكىل يولداشلار ئارقىلىق شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 750 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئەزاسىنى ۋە بارلىق ئەدەبىيات خادىملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورايمەن.

يولداشلار، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتقىنىغا ئون يىل بولدى. بۇ ئون يىل ئىچىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىغا ئوخشاش، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەپ، ئىدىيىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ھەر مىللەت خەلقى جۇشقۇن ھالدا تىرىشىپ ئىشلەش، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭدەك، بۇ ئون يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرى ئوخشاشلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئوبزورچىلىرىنىڭ ئىدىيىسى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى. ئۇلار ئىجادىيەتتە زور ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپلىقى ئاشتى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ رولىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، چەكلەنگەن رايونلارغا كىرىپ، ئىجادىيەت جەھەتتە يېڭى يول ئىزدەپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، يارقىن قەلىمى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە خەلقنىڭ روھىي قىياپىتىنى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى مىسلىي كۆرۈلمىگەن چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكتە جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ يېڭى

ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لۇرغۇن ئەسەرلەر مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدىمۇ ھەر كىم ئۆز كۆز قارىشىنى قويىدىغان، باراۋەرلىك ئاساستا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان، ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ ئون يىل ئىچىدە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە، نەزەر دائىرىسى كەڭ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك، يول ئېچىش روھىغا ئىگە زور تۈركۈمدىكى يېڭى ئەدىبلەر بارلىققا كەلدى. بۇ يېڭى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات سېپىدىكى جۇشقۇن كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات خادىملىرى قوشۇنى پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىشىنىدىغان جانلىق، ئىستىقباللىق قوشۇن.

يولداشلار، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى، گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن توغرا ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەتلىرىنىڭ ۋە توغرا رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بىز بىر تەرەپتىن، «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى كونكرېت ئىشلارغا چات كىرىۋېلىش ئەمەس، بەلكى، ئاساسلىقى، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش جەھەتتىكى رەھبەرلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشىمىز لازىم. سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش دېگىنىمىز، نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش بىزنىڭ باش فاڭجېنىمىز، باش سىياسىتىمىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، چوڭقۇر تونۇش لازىملىقىنى تەكىتلەش دېگەنلىك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قاتمال كۆز قاراش بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش باش فاڭجېنى بىلەن باش سىياسىتىگىمۇ ئەركىنلەشتۈرۈش كۆز قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بىز مۇشۇلارنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىشىنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت ـ شەخسىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە ئەقلىي ئەمگەك. بىزنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ۋە ئىجاد قىلىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ساھەدىكى ھەق - ناھەق ۋە توغرا - خاتاغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا قاراش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى، قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدىكى ئىشلار بولىدىكەن، مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى، سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى بېرىش ئۇسۇلى ۋە كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىش ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەم قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماسلىق لازىم.

ئومۇمنىڭ نىشانىغا قاراش كېرەك، كونكرېت ئەدەبىيات [illegible] ۋە ئەسەرلى-
لەرگە باھا بېرىشكە ئاز ئارىلىشىش كېرەك. ھەر خىل ئۇسلۇب، ھەر خىل شەكىلدە
ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، نەزەرىيىدە جەھەتتە، ھەر خىل كۆز
قاراشتىكىلەر ۋە ئىلمىي ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەب-
بۇس قىلىش كېرەك. لېكىن تەنقىد قىلىشقا جەزمەن رۇخسەت قىلىش، [illegible] تەنقىد
قىلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ياخشى مۇھىتنى [illegible]
راتىيە - ئىناقلىق كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجا-
تىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگىلى،
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا
سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. يولداشلار، ھازىر دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە ئىسلاھات-
نى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتەك مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا تۇرماقتا. سىياسىي،
مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىمۇ ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر-
لىشىشىغا ئەگىشىپ، چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، يەنە ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي
تەرتىپنى ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىيا-
سەت، تەدبىرلىرى بەلگىلەندى. ئۇلۇغ تارىخ يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنى تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگونى يۈز ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇدرەتلىك
سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا قەھرىمانلارچە ئىلگىرىلەشكە ئىلھ-
املاندۇرۇش ئۈچۈن بىزگە ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ قايىنىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھەر
مىللەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇپ، داۋاملىق يۇقىرى سۈپەتلىك
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇش،
كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن
ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى يۈكلىدى. يولداش خۇ چىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان تەبرىك سۆزىدە، بىزنى خەلق
بىلەن بىللە دەۋرگە ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپ، تەجرىبىلەرنى داۋاملىق يەكۈنلەپ، سەۋى-
يىمىزنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز كونا قائىدە ۋە يامان
ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىشىمىز، دەۋر روھىنى تېخىمۇ مەدھىيىلىشىمىز، پاسسىپ، يامان
نەرسىلەرنى ئېچىپ تاشلىشىمىز، باتۇرانە ھەرىكەتلەرنى تېخىمۇ مەدھىيىلىشىمىز، تارىخ
ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ۋە ئۇنى ئەسلەپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىگە نەزەر
سېلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈزى ۋە ئۇسلۇبى قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىرلا، يەنى، خەلقنىڭ مىللەتنى
روناق تاپقۇزۇش ۋە جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش جەھەتتىكى تارىخىي مەسئۇلى-
يەتچانلىقىنى قوزغاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىشتىن باش تارتمايدىغان باتۇرلۇق روھىنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈ-
رۈپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا يېڭى قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان

قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.» يازغۇچىلىرىمىز بۇ تەلەپلەرنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ، بوشاشماي تىرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، تارىخ يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

بىرىنچىدىن، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئالغا ئىنتىلىش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى، بولۇپمۇ مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇتەئەسسىپلىك ئېڭىنى تۈگىتىش لازىم. بىز بىر تەرەپتىن، «چەت، يىراق جايلار ئەزەلدىنلا قالاق» دەيدىغان ئۆزىنى كەمسىتىدىغان روھىي ھالەتنى تۈگىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى چوڭچىلىقنى تۈگىتىشكىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا ئەدەبىيات جەھەتتە ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم. يازغۇچىلار مەلۇم جاي، مەلۇم مىللەتنىلا ياكى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنى تار دائىرە ئىچىگە سولاپ قويىماي، ئۆزىنىلا گۈل چاغلىماي، بەلكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تاشقى دۇنيانىمۇ كۆرۈشى كېرەك. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كۈندىن - كۈنگە تېز بولماقتا، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىدىيە ئۈزلۈكسىز تۈردە بارلىققا كەلمەكتە. بىزدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىزنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرىدىغان ئۇلۇغۋار غايە، جەسۇرانە ئىرادە بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى يازغۇچىلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز ۋە ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلىرىمىز ئۆگىنىش، بىلىمىنى تولۇقلاش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرى ئالدى بىلەن بىلىملىك بولۇشى كېرەك. سەۋىيىسى تۆۋەن، بىلىمى ئاز يازغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ۋە ئوبزورچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. ئىنسانىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەدەنىيەت ئەزەلدىن مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئۆزئارا سىڭىشىشى، ئۆزئارا زەربىسى ۋە بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە راۋاجلانغان. ھەرقانداق بىر بۈيۈك مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ۋارىسلىق قىلىنغىنىمۇ، يېڭىدىن يارىتىلغىنىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ھەم قوبۇل قىلىدۇ، ھەم تاشلىۋېتىلىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىمىز، سىرتىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىزگە پايدىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىز، ئۇنىڭ رەزىل، چىرىگەن قىسمىنى رەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ يەنە ئەمەلىيەتتە داۋاملىق ئۆگىنىشى، تۇرمۇش ئۆگىنىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم. بىز تۇرمۇش — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەيمىز، بۇ سۆزنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان، سىياسىيدىن چەتنەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئاساسىي تېمىنى سۇسلاشتۇرىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ

ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەرنى خەلق ئاممىسى ئالقىشلىمايدۇ. بۈگۈن ئەدەبىيات-سەنئەتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، دېيىلگەندە، ئۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەت بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيىلىك ئىنكاسى ۋە بىر خىل ئاڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسەتتىن ئايرىلىشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

يولداشلار، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ [illegible] قېتىملىقى قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىز ئون يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەۋاتقان ۋە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە چاقىرىلدى. شۇنداقلا پارتىيە ۋە خەلق ئەدەبىيات ئىشلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇۋاتقان، ئەدەبىيات سېپى يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقان ئەھۋالدا چاقىرىلىدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىپىلەر مۇشكۈل، ئالدى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش مېخانىزمىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئوبزورچىلار ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىغا ھەقىقىي يوسۇندا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتقا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يازغۇچىلار، ئوبزورچىلار بىلەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرى بىلەن كېڭىشىشى، سۆھبەتلىشىشىدىكى كۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇش لازىم. خەلق يازغۇچىلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىزدىن يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشنى، ئۇلۇغ دەۋر بىزگە تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئالغا يۈكسەلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلماقتا.

قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

---

(بېشى 14 - بەتتە)

ئىنتىلىش، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەشنىڭ نەمۇنىچىسى، باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ۋە يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋە پېشقەدەم يولداشلار تېخىمۇ ئۈلگە بولۇپ، ياشلارغا نەمۇنە بولۇشى لازىم.

ۋەتەننى سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر، جۈملىدىن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(3) دۆلىتىمىز چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، مىللەتلەر روناق تېپىۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز زىممىسىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىنى چوڭقۇر تونۇپ، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تەستە قولغا كەلگەن ھازىرقى پايدىلىق شارائىتنى قەدىرلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە بىرلىكتە چىقىشى لازىم.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك پەخرىي رەئىس، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى

پەخرىي رەئىسلەر: ليۇ شاۋۋۇ، ياسىن خۇدابەردى.
رەئىس: قەييۇم تۇردى.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاڭ گوڭيىڭ (خۇيزۇ)، چېن بەيجۇڭ، ئىمىن ئەخمىدى، شاكەن ئوڭالباي (قازاق)، ساغا (موڭغۇل)، يۈسۈپ ماماي (قىرغىز)، غازى ئەمەت، پاشا ئىشان، پاتىخە مالىك (قازاق).

## جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك پەخرىي رەئىسلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزالىرى، پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزالىرى، مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

پەخرىي رەئىسلەر: ۋاڭ يۈخۇ، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.
مۇئاۋىن رەئىسلەر: چېن بەيجۇڭ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ۋاڭ رۇڭ، شامىس قۇمار، ۋۇ ليەنزىڭ، زوردۇن سابىر، س. بازىر، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن.
دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزالىرى: (جەمئى 23 نەپەر. ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابلىمىت سادىق، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت ھاشىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، جاڭ شياۋخۇا، جۇ تاۋ، جۇما قادىر، جۇڭ لۇ، چېن بەيجۇڭ، چېن كاڭ، زوردۇن سابىر، ساغا، س. بازىر، شاكەن ئوڭالباي، شامىس قۇمار، شيې گاڭجېن، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئوسار غازى ئايتان، ۋاڭ رۇڭ، ۋۇ ليەنزىڭ، ئىمىن ئەخمىدى، ياڭ مۇ.
پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزالىرى: زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، خەن ۋېنخۇي، جۇ فېي، قۇرمانالى ئوسپان، نىغمەت مىڭجانى، گو جىنبەن، مېڭ چىبېي.
مۇدىرىيەت ئەزالىرى: (جەمئى 68 نەپەر. ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابلىمىت سادىق، ئابلىكىم باقى، ئاتىكە زەمىر (تاجىك)، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەخەت ھاشىم، ئەبدەنباي باجاي (قازاق)، ئەخمەتوللا قالىي (قازاق)، ئەن دىڭيى (خەنزۇ)، بوغدا ئابدۇللا، تاڭ دۇڭ (خەنزۇ)، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، تۇرسۇن نىياز، تۇرسىنالى ئىرىسكەلدى (قازاق)، جاڭ شياۋخۇا (خەنزۇ، ئايال)، جاڭ دېيى (خەنزۇ)، جاۋ شىجيې (خەنزۇ)، جاقسىلىق سەمەت (قازاق)، جاڭ ليە (خەنزۇ)، جۇ تاۋ (خەنزۇ)، جۇما قادىر (قىرغىز)، جۇمان ئەبىش



## يولداش جانابىلىنىڭ تېيىپجان ئېلىيوپقا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، خەلقىمىزنىڭ ياخشى پەرزەنتى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، بەختكە قارشى 1989 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى كېچە سائەت 11 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە 59 يېشىدا ۋاپات بولدى. بىز بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرماقتىمىز!

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ 1930 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1948 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە غۇلجا «ئالغا» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولغان، كېيىن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە-

(قازاق)، جۇ جېڭبا (خەنزۇ)، جۇڭلۇ (شىبە)، چېن بەيجۇڭ (خەنزۇ)، چېن گاڭ (خۇيزۇ) خالىدە ئىسرائىل، خاۋ گۇەنجۇڭ (خەنزۇ)، دۆ. نەدە (موڭغۇل)، دۇ شىڭفۇ (خەنزۇ)، راخمان مامۇت، زاخارا ئېيىبىن قىزى (قازاق)، زوردۇن سابىر، ساغا (موڭغۇل)، س. بازىر (موڭغۇل)، سېيىت زۇنۇن، سېرك قاپشىقباي (قازاق)، شاكەن ئوڭالباي (قازاق)، شامىس قۇمار (قازاق)، شۇكۇر يالقىن (ئۆزبېك)، شى خې (خەنزۇ)، شيې گاڭجېن (خەنزۇ)، شىڭ شۇخۇەن (خەنزۇ)، غا. گۇمبا (موڭغۇل)، قەييۇم تۇردى، گو سۇڭيۈەن (خەنزۇ)، گۇەن شۆلىن (مانجۇ)، لېي ماۋكۇي (خەنزۇ)، ليۇ بىڭ (خەنزۇ)، ماجۇنىمىن (خۇيزۇ)، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، مۇھەممەت باغراش، مەتتىمىن ھوشۇر، مۇختەر مەخسۇت، نى. لوتا (موڭغۇل)، ھوشۇر مامبەت (قىرغىز)، ئوسمانجان ساۋۇت، ئورازقان ئەخمەت (قازاق)، ئۆمەر غازى ئايتان (قازاق)، ۋاڭ رۇڭ (خەنزۇ)، ۋۇ ليەنزىڭ (خەنزۇ)، ئىمىن ئەخمىدى، ياڭ مۇ (خەنزۇ).

سىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تېيىپجاننىڭ ئەدەبىي ھاياتى 1945 ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر شېئىر، داستان، باللادا ۋە رۇبائىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىندى، نەچچە ئون پارچە ئەدەبىي تەقرىزى، پۇبلىستىك ماقالىسى، كلاسسىك ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ «ناۋايى غەزەللىرى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «نىزارى داستانلىرى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشىرگە تەييارلىدى، بۇ ئەسەرلەر مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىمۇ زور تەسىر قوزغىدى. يەنە «ماۋجۇشى شېئىرلىرى» ۋە «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە چۈي يۈەننىڭ داڭلىق داستانى «جۇدالىق زارى»نى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى بولغان 12 مۇقامنى نوتىغا ئېلىش، تېكىستلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشقانىدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پاش قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنى كۈيلەش بىلەن باشلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدىكى قاينام تاشقىنلىق كۆرىشى ۋە بۇ كۆرەشنىڭ ئالەمشۇمۇل غەلىبىلىرىنى ئاساسىي تېما قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىغا خەلققە، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە بولغان قىزغىن مەدھىيە سىڭگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىجادىي، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي، چىن ھەم قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئاممىباب ۋە جانلىق تىل بىلەن قاناتلانغان، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. ئۇنىڭ نامى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەرگىمۇ تونۇلغان بولۇپ، شېئىرلىرى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك، رۇس، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ نامى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن زىچ باغلانغان.

تېيىپجان ئېلىيوپ تالانتلىق ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قابىل تەشكىللاتچى ئىدى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېغىشلىدى. پارتىيىنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە

گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايرىشىدىن ئىبارەت ئەدەبىـ
يات - سەنئەت يۆنىلىشى ۋە فاڭجېندا چىڭ تۇردى. ئەدەبىياتتىن سەنئەتكىچە، خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتقىچە بولغان ھەممە ئارماقلاردا مۇھىم نەتىـ
جىلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ يېڭى ئەدەبىيات كۈچلىرىنى قىزغىن قوللىدى. كۆپ مىلـ
لەتلىك ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ تەشكىللىنىشى، ئۇلغىيىشى ۋە ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن
ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ قوشۇننىڭ ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى چەكسىز
خۇشال قىلاتتى، قوشۇننىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىش ئۇنى
قاتتىق بىئاراملىققا سالاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىشلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سۆزلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى
ئەڭ مۇھىمى، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش
ھەققىدە بولدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ ئەدىب سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئېسىل پەزىلەتلىك ئىنسان سۈـ
پىتىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئۇ شېئىرلىرىدىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ گۈزەل پەزىلەتلەرنى
قوللىغۇچى، رەزىل ئىللەتلەرنى قامچىلىغۇچى ئىدى. ئۇ كەمتەر، خۇش چاقچاق، چىقىشـ
قاق، ئوچۇق - يورۇق، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، ئۈمىدۋار ئىدى، ئامما بىلەن ئالاقە
باغلاشقا، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر ئىدى، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگەـ
نەتتى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئۆزىنىڭ
بۇرچى ھېسابلايتتى. ئۇ ئۆز مىللىتىنى سۆيەتتى، باشقا مىللەتلەرگە قېرىنداشلارچە
ۋە سەممىمىي ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەر مىللەت ئەدىبلىرى ئارىـ
سىدا نۇرغۇن سىرداش دوستلىرى بار ئىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن
يېتىپ كەلگەن سەنئەت باھارىنى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق
بىلەن قارشى ئالدى ۋە كۈيلىدى. سەنئەت باھارى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭى ھاياـ
تىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئەزەلدىن خەلق بىلەن، دەۋر بىلەن سىرداش، ھەمنەپەس
بولۇپ كەلگەن شائىر خەلقنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى، دەۋرنىڭ جۇشقۇن ساداسىنى تېخىمۇ
دەل، تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغان، ئىجادىيىتى مەزمۇن جەھەتتە يەنىمۇ
رەڭدارلىققا، بەدىئىيلىك جەھەتتە يەنىمۇ يۈكسەكلىككە يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ھاـ
ياتىمۇ، ئىجادىيىتىمۇ قىرانلىق دەۋرىدە ئىدى.

ئەپسۇس، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ
ۋاپاتى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ
يوقىتىش، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا
شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت ئەدىبلىرى قاتتىق
قايغۇردۇ. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ چىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ
ياخشى ئىدىيە ۋە ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا، گۈزەل
ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد
ياشايدۇ!

# تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

بىز يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز. سىلەر بىزگە ۋەكالىتەن گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىپ قويارسىلەر.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى.

1989-يىل، 22-فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، تەزىيىمىزنى قوبۇل قىلغايسىزلەر.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى.

1989-يىل، 20-فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردۇق. جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى بىر ئاتاقلىق شائىردىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ جۇڭگو ئەدەبىياتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. بىز يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز ھەمدە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايمىز.

يولداش تېيىپجاننىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى.

1989-يىل، 21-فېۋرال، بېيجىڭ.

جۇڭگو، ئۈرۈمچى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بارلىق يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەزىز ۋە قەدىردان بولغان ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن سەممىمىي قېرىنداشلارچە تەزىيەمىزنى قوبۇل قىلغايسىزلەر.

قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى
رەئىسى: ئو. سۇلايمانوۋ.
ئىككىنچى شۇجىسى: س. مۇراتبېكوۋ.
شۇجىلىرى: ك. تۇرسۇنقۇلوۋ، ئە. ھاشىروۋ، ئا. ھاشىموۋ، ل. كرىۋوچېكوۋ، ش. مۇرتازايېۋ، گ. تولاماشېۋ، س. جونۇسوۋ، ئو. ئەسداۋلېتوۋ، م. ماغاۋىن، م. چاقانوۋ.

1989 - يىل، فېۋرال، ئالمۇتا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، مېنىڭ قەدىرلىك دوستۇم تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق قايغۇردۇم. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن ھەمدە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىمىي ھال سورايمەن.

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپ ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، نوپۇزلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەربابى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئالىمى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، زېھنىي كۈچىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى.

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش.

ۋاقىتسىز ئەجەل تالانتلىق يازغۇچى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ! ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىغا، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە ئەۋلادلىرىمىز ئەبەدىلئەبەد ۋارىسلىق قىلىدۇ!

ئىسمائىل ئەمەت.
1989 - يىل 20 - فېۋرال، بېيجىڭ.

تۆمۈر داۋامەتنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تەزىيە تېلېفونى:

يولداش تېيىپجان دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىگە بىر مۇنچە شانلىق ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشقانىدى. مەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرىمەن. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ئالاھىدە ھال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلارنىڭ سەۋرى قىلىپ، سالامەتلىكىنى ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1989 - يىل، 20 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئارقىلىق خەلچەمگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردۇق ھەمدە تەزىيەمىزنى يوللىدۇق. سىز ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ سەۋرى قىلىپ، سالامەتلىكىڭلارنى ئاسرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋاڭ مىڭ، سۈي رۇيفاڭ.

1989 - يىل، 20 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردۇم. بىز ئاتاقلىق شائىردىن، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەتچىدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

يولداش تېيىپجاننىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

جاڭ گۇاڭنيەن.

1989 - يىل، 21 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈم.

جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى بىر ئاتاقلىق شائىردىن، ئاكتىپ تەشكىلاتچىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرىمەن، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايمەن ۋە ئۇلارنىڭ سەۋرى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يولداش تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرى ۋە تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

تاڭ داچىڭ.

1989 - يىل، 21 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردۇم. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرى بىر بۈيۈك شائىردىن ئايرىلىپ قالدى، شۇنداقلا بۇ جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش بولدى.

سىز بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدىڭىز. خاتىرجەم يېتىڭ، ھەمكەسىپ دوستۇم!

ئەي چىڭ.

1989 - يىل، 21 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ياش چېغىمدىكى دىلكەش دوستۇم، شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ چولپانى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرىمەن ۋە ماتەم بىلدۈرىمەن.

بەي خۇا.

1989 - يىل، 22 - فېۋرال، شاڭخەي.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە:

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈم. يولداش تېيىپجان مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. بىز بىر يېقىن سەپدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. مەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۆز نامىمدىن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايمەن.

مالچىنخۇ.

1989 - يىل، 20 - فېۋرال، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى بىر سەركەردىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن قاتتىق قايغۇردۇم.

جاڭ شيەنلياڭ.

1989 - يىل، 21 - فېۋرال، يىنچۈەن.

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئىككى شېئىر

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچىسى تېيىپجاننىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا يېزىلغانىدى، يەنە بىرسى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلدى. بۇ ئىككى شېئىرنى تېيىپجاننىڭ ئۆمرىگە ۋە ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭ ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتىم.

## سالام، جۇرئەتى!

يوللىدىم قۇتلۇق سالام، بولغىن سالامەت جۇرئەتى ①،
ئۇنتۇمايمەن ياش چېغىڭ ئەجەب ياراشقان جۇرئەتى.

بىر زامان② گېزىت يۈزىدە بىر شېئىر كۆردۈم بەلەن،
سورىسام ز. قادىرى دېدى: «تېيىپجان جۇرئەتى».

ئاڭلىسام قارىي ئىكەن، لوقما يېمەسمىش خەتمىدە،
ئويلىدىم: مېھرابتا زايە كەتمىگەي ياش جۇرئەتى.

تۇنجى كۆرگەندە ماڭا قالدى يېقىپ شائىر بالا،
«بىللە ئىشلەيلى» دېسەم، بەرق ئۇردى كۆزدىن جۇرئەتى.

ئىشلىدۇق تاكى قۇياش ئۇپۇق يېرىپ نۇر چاچقۇچە،
چاقنىدى بوغدادا نۇر، جۇش ئۇردى غەيرەت - جۇرئەتى.

قەد كۆتۈردى دەس تۇرۇپ پاختەكلىنىڭ نامراتلىرى،
داھىغا يازدى سالام، بولدى قەلەمكەش جۇرئەتى.

ناخشا ئېيتىپ ھۆر زامان دۇلدۇلدا ئاشتۇق داۋان،
گاھىدا تۇنجۇقتى روھ، تاۋلاندى مەزمۇت جۇرئەتى.

---

① تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى.
② 1945 - يىل.

بولمىسا ئىدراك، ئىرادە يولنى تاپماق تەبىر، بىراق
پەللىگە چىقماق مۈشەققەت بولمىسا گەر جۈرئەتى.

بولمىسا جۈرئەت كىشىدە ئۆمرى ئۆتكۈنچى، خالاس،
مەنىلىك ئۆمۈر ئۈچۈن گۆھەردىن ئەلا جۈرئەتى.

«جۈرئىتىڭ يوق» دېمىدىم، «جۈرئەتكە جۈرئەت قوش» دېدىم
باش ئاقارغانچە كۆتەر ئەل ئوغلىدىن جىق جۈرئەتى.

خەستىلەنمەك ھەر كىشىگە بىر تەبىئىي ھادىسە،
ئۇنى يەڭمەك تەس ئەمەس، روھ ـ تەندە بولسا جۈرئەتى.

ھەممىدىن ئەۋزەل تېپىپ شائىرغا ھەمراھى قەلەم،
شاد بولۇر كۆرسە ئەزىزى، جۇشقۇن ئىلھام جۈرئەتى.

## ئەلۋىدا، جۈرئەتى!

ئاغرىدى دەپ ئاڭلىغاچ يازغانىدىم قۇتلۇق سالام،
ئەمدى ئەپسۇس، ئەلۋىدا، دوستۇم تېيىپجان جۈرئەتى.

ياش چېغىڭ جىسمىڭگە خاس نامىڭ ھامان يادىمىدۇر،
كەتتىڭ ئارمان، كەتمىگەي نامىڭ، تېيىپجان جۈرئەتى.

بىر ئۆمۈر كىتاب، قەلەم بولدى سېنىڭ دوستۇڭ ھامان،
قالدى قۇت مىسرالىرىڭ، شائىر تېيىپجان جۈرئەتى.

ئەلگە سادىق تۆھپىكار، مەرد ئۇيغۇر ئوغلانى ئىدىڭ،
شېئىرىيەتنىڭ بابىدا ماھىر تېيىپجان جۈرئەتى.

شۇم ئەجەلگە يوق ئامال، كەتتىڭ ئارامىزدىن، بىراق
تائەبەد ئۇنتۇلمىغاي تۆھپەڭ، تېيىپجان جۈرئەتى.

ئۆمرىنى ئەل بەختىچۈن قىلغان ئاتا چىن ئادىمى،
بۇ شەرەپ، بۇرچۇڭ ئادا بولدى، تېيىپجان جۈرئەتى.

سېغىنىپ ئەسلەر ئەزىزى ئىجتىھات، ئەجرىڭنى بەك،
ئەلۋىدا، ئاھ ئەلۋىدا، مەرھۇم تېيىپجان جۈرئەتى.

تۇختى سابىر

## ئۆچمەيدۇ نامىڭ مەڭگۈگە

لاچىن ئىدىڭ، شۇڭقار ئىدىڭ جەڭدىن پەقەت يانمايدىغان،
ئەركىن ئۇچۇپ كۆك قەرىدە قاناتلىرىڭ تالمايدىغان.

بۇلبۇل ئىدىڭ، كاككۇك ئىدىڭ تەڭدىشىڭ كەم باغ ئارا،
ئويغىتىپ ئەل قەلبىنى دائىما ياڭرىتىڭ ناۋا.

سەن چىۋەر باغۋەن ئىدىڭ ياش نوتىلارغا مېھرىبان،
سەن ئىبىل بىر باغ ئىدىڭ نېمەتلىرىڭ مول ھەر قاچان.

گۈل ئىدىڭ، گۈلزار ئىدىڭ يىلتىزلىرىڭ چىڭ بەقۇۋۋەت،
چەيلىمەك بولغان جۇدۇن - چاپقۇننى يەڭدىڭ ئاقىۋەت.

تاغ ئىدىڭ، چوققا ئىدىڭ، يۇرتقا ياراشقانتىڭ ئەجەب،
بىر ئەزىم دەريا ئىدىڭ چۆللەرگە تاقىقان گۈل - چىچەك.

خۇش ئىدىڭ، خۇش - خۇي ئىدىڭ، قايغۇ - ئەلەملەر يات ئىدى،
سەنلا باركى بەزمىدە ئەھلى سورۇنمۇ شاد ئىدى.

كەتتىڭ، ئەپسۇس، بىۋاقىت، ئەي دەۋرىمىزنىڭ كۆيچىسى،
دوستلىرىڭ ماتەم تۇتۇپ تۆكتى ھېسابسىز كۆز يېشى.

ئۆلمىدىڭ دوستۇم، ھاياتسەن، ئەل ئۇنۇتمايدۇ سېنى،
ھەيكىلىڭ نۇر چاچقۇسى يارقىن تېخىمۇ يىلسىرى.

جەننەتۇل مەۋادىمۇ ياڭرات ئىبىل نەزمەڭنى سەن،
ئۇندىمۇ ھۆرلەر بىلەن قىزىت يەنە بەزمەڭنى سەن.

لىيۇشاۋۋۇ

## تېيىنچان ئېلىيوپقا مەرسىيە

ئىدىڭىز يۇمران يىگىت كۆركەڭدە مەن ئۇتتۇز باھار،
بولدى زەپ دىدار ئىبىسپ چاكىنەتدە بىر قۇتلۇق ناھار.

ھەممىمىز ۋەكىل ئىدۇق بىز بىر قەلەمكەش، بىر كەسىپە،
تېخى تىنجىپ كەتمىگەن ئۇ چاغ قەدىم غەربىي دىيار.

www.uyghurkitap.com

تاشلىدۇق خۇشال قەدەم ئاستانىغە مەھەممەلنىپ،
ھەممە يەر ئاچقانىدى مەرىكىدىن يېڭى ئىدار.
ياڭرىدى نەغمە - ناۋا قىرغاق شەھەر تىيەنىپتۇ ئارا،
تېتىدۇق سەھرادا تەم دېھقان قولدىن بىغۇبار.
پۈتۈشۈپ كەزدۇق تالاي جەنۇبتىكى چۆللەرنى بىز،
يول - سەپەر ئازابىغا قىلمىدۇق ھېچ ئېتىبار.
كېچىلەپ ئۆتكەندە چۆلدىن ئىزدىدۇق يۇلغۇننى بىز،
ئىسسىنىشچۈن ئوت قالاپ پەسلى ئايازدا بىشۇمار.
چىقمىدى ھەرگىزمۇ ئەستىن غازىيانە ئاقسۇمىز،
قولبالا نەشپۈت مەيى ۋاڭ ئۇستىنىڭ بەك نامۇدار.
بىللە بولدۇق ئىككىمىز ئاشۇ قىرىق يىل ئىچىدە،
تىلدا قالدى شۇ شاراب گوياكى زەمزەم دىلخۇمار.
زەپ ئېسىل، گۈزەل سەتىرلەر سىزدە، شائىر، بىھېساب،
نامىڭىز پۈردۇر جاھانغا، بىزنى سۆيـدى ئىپتىخار.
چۆچۈشۈپ بولدۇق پەرىشان قوشنىمىزنىڭ ھالىدىن،
جەڭ ئوتى يانماقتىدى چاۋشەندە بىزنىڭ جەڭگىۋار.
ھال سوراپ بارغانىدۇق سەپەر چېكىپ ئۆمەك بىلەن،
تەنتەنە قىلغانىدۇق بەنمەن ① دە بىز چېلىپ دۇتار.
يازدىڭىز ۋەتەننى كۈيلەپ، بولدى تۇغ غەزىلىڭىز،
ئاھ ئۇرۇپ «سول»لىق ئۈچۈن سىز قىلدىڭىز كۆپ ناله - زار.
دەرد تۇغار ئېسىل شېئىرنى دېگەننى قانداقچە گەپ،
ئىسمىڭىز تۆمۈر كالىدۇر مەملىكەتنىڭ ئىشقى يار.
قىقنۇس بوپ تەقمۇ تـەق پەرۋازدا تۇرغانىدىڭىز،
سەنئىتىمىز مۇنبىرى بولغانىدى سىزگە چىنار.
نەقەدەر مۇدھىش پەلەك بۇ، بىۋاپادۇر بۇ جاھان،
پۈتتى پەرۋاز، تىنىدى كۈي، كەتتى كارامەت ئىقتىدار.
نە ئۈچۈن بەردىڭ كېسەل قويار سوئالىم تەڭرىگە،
بەك بېخىللىق قىلدىڭا شائىر ئۈچۈن پەرۋەردىگار.
پارتىيە ئىشى ئۈچۈن بەخشەندە قىلدى ئۆمرىنى،
ئىككىمىز — خوجا ② بىلەن بولغان ئاڭا تەۋسىيەدار.
ئەمدىلىكتە كەتتىغۇ بۇ ئىككى ئوغلان باقىيغا،
مەن يەنە قالدىم ئېشىپ، دوستلار ئۈچۈن بەك ھازىدار.
ئەلگە كەلگەن يوقىتىشقا كۆز يېشىم دەريا، قىيان،
بىزدىكى گۇناھ - ساۋابقا دەۋرى جاھان تارازىدار.
تاغ گويا مۇنارىسى بولۇت ئاڭا ھەل بولىدۇ،
تەڭرى تاغىنىڭ چوققىسىدا ئىككى ئوغلان نامى بار.

(«جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»نىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىدىن)

---

① بەنمەندىيەن.

② شائىر ئابدۇكېرىم خوجا.

ياسىن خۇدابەردى

## كۆككە يەتتى قەلبلەرنىڭ پەريادى

ياش چېغىدا قارىي بولغان مۆرەتتەپ،
تامام قىلىپ ئوتتۇز پارە قۇرئاننى.
خەتمە قىلىپ تەرەۋىدە كۆپ قېتىم،
ئالغان ئىدى «بۇلبۇل» دېگەن ئۇنۋاننى.

پەرۋاز قىلىپ چىقتى «بۇلبۇل» مەرەپتىن،
كىرىپ كەلدى ئەدەبىيات بېغىغا.
ياڭراق كۆرەش ناخشىسىنىڭ ساداسى
تەگدى زۇلمەت دۇنياسىنىڭ جېنىغا.

بايقىۋالدى ئۇنى دەرھال «ئەپەندىم»①
ناپىرىن، دەپ كۆڭۈل بۆلدى ئۇنىڭغا.
يۆتكەپ كېلىپ قەلەمكەشلەر سېپىگە،
«ئاسراپ ئۆستۈر» دېدى ئۇستاز — زۇنۇنغا.

ئاتقاندا تاڭ پاختەكلىدە كۈن چىقىپ،
شائىر بولدى دېھقانلارغا ھەمسايان.
غەزەل يەڭلىغ «خەت»تە ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ
يۈرەك سۆزى قىلىنغانتى نامايا.

شائىر پۈتۈن ئۆمرىدە ئەڭ جاراڭلىق
كۈيلىگەنتى ئازادلىقنى، دەۋرنى.
ھەمنەپەس بوپ خەلق بىلەن ھەمىشەم،
يەڭگەن ئىدى نۇرغۇن مۈشكۈل - جەۋرنى.

نەدىن كەلدى راك دېگەن بۇ نەسكېسەل،
شائىر ئۈچۈن لوقمان بولغۇم كەپكەتتى.
ئەزرائىلنىڭ يۈرەكلىرى تاش ئىكەن،
رەھمەتلىكنى بىزدىن ئايرىپ ئېپكەتتى.

جۇدالىقتا چۆمدۈق قايغۇ - ھەسرەتكە،
كۆككە يەتتى قەلبلەرنىڭ پەريادى.
يېتىشتۈرەر جەزمەن شۇنداق شائىردىن
نەچچە يۈزلەپ «قەشقەرى»تىڭ ئەۋلادى.

ئەلقەم ئەختەم

## ئۇنتۇلماس زادى

جىمجىت ھەمدە تىنچ - خالى ئىدى ئۆي،
ۋەھىمە، دەھشەت ھەريان كېزەتتى.
مۇڭلۇق، قايغۇلۇق ئاڭلىناتتى كۈي،
سۆرلۈك بىر شەپە دىلنى ئېزەتتى.

ساقىپ سائەتلەر يەتكەندە ۋاقىت،
يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى شۇئان:
ئورۇق - تۇغقانلار شۇدەم ئاھ ئۇرۇپ،
قىلدى نالە - زار، كۆتۈردى پىغان!

رەھىمسىز ئۆلۈم، بىزنى سەن بۈگۈن
سەكپارە قىلدىڭ، كۆزىمىزدە قان.
توزىدى گۈلۈم، بۇ ئەمەس تۈگۈن،
ئەۋلادلار ئۇنىڭ ۋارىسى ھامان.

① ئەخمەتجان قاسىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەسرەتلەر چېكىپ دوستلار دېيىشتى:
شائىر ئۆلمەيدۇ — جۇرئىتى ھايات.
تۈگىمەس ھەرگىز ئۇنىڭ ناخشىسى،
جاھان كۆكىدە قاقىدۇ قانات.

ئەزىز قەلبىمىزدە ھەم دائىم،
ئەزىز ھەمىشە بىزگە جۇرئىتى.
ئۇنتۇلماس ئۇ، قەلبىدەر ۋايىم،
داڭلىق شائىر ئۇ، بۇ ئەلنىڭ ھىممىتى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە

يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامادىن مۇزدەك لەھەتكە.
قالدى چاقنىغان نۇرلىرى، لېكىن
تۈگىمەس ناخشىدا بەلكى ئەبەدكە.

قالدى ئەبەدكە قاينام بۇلاقلاردا ئۇ،
شارقىراپ ئاققان دەريالاردا ھەم.
قالدى شىلدىرلىغان ياپراقلاردا ئۇ،
سۈكۈناتقا چۆمگەن قىيالاردا ھەم.

كىمدۇر شىۋىرلايدۇ لەۋلىرى تىترەپ:
«دەرىخا، بىر تالانت كەتتى ئارىدىن.
كۆزى قارغۇمىكىن ئەجەل دېگەننىڭ؟
ئىلغىماس ئىكەن ئۇ ئاقنى قارىدىن.»

تووۋا دەيدۇ كىمشى تەقدىر ئىشىغا،
«ياخشىغا كۈن يوقمىش، يامانغا ئۆلۈم.»
قوترىغان بورانمۇ ئەگ ئاۋۋال كېلىپ
مېۋىلىك دەرەخنى سوقىدۇ چوقۇم.

كىمدۇر تېگەرقايدۇ پېشانە تۇتۇپ:
«نېمە بولدىكىن - ھە، تالانت ئەھلىگە؟
شالاڭلاپ كەتمىگەندى يۇلتۇزلار توپى،
سېلىپ ئەل كۆڭلىگە مۇدھىش تەھلىكە.»

نە چارە، شۇنداقكەن بۇ ئالەم ئىشى،
چارىسىز كەتتى نى ھېكىم لوقمانلار.
ئەلۋىدا، شائىرىم، ئەلۋىدا ساڭا،
ئەسلەيدۇ سېنى ئەل زامان - زامانلار.

ئەزىزوپ قاسىم

## بىزگە تەۋەرۈك كۈيلىرىڭ

سەن ئىدىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ بىر يۇلتۇزى،
ھەممىدە سەنئەت بېغىمىزنىڭ خۇش پۇراقلىق قىزىمىزى.

ۋە لېكىن چاقناۋېتىپ بىردىنلا ئۆچتۈڭ بىمەھەل،
دەل شۇئان قالدى تامام خىرەلىشىپ ئاسمان يۈزى.

www.uyghurkitap.com

بىۋاقىت كەتتىڭ توزۇپ سەن ئارمىنىڭغا يەتكۈچە،
بولدى كەتكەندەك بىغىمىنىڭ شۇ سەۋەبتىن پەيزىسى.

ۋادەرىغا، بىز ئەجەب قالدۇق سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
قەلبىمىزدە قالدى ھەسرەت، قايغۇ، ماتەمنىڭ ئىزى.

گەرچە بىزدىن ئايرىلسىمۇ سېنى بۇ مۇدھىش ئەجەل،
بولغۇسى بىزگە تەۋەررۇك كۆيلىرىڭ يىللار سېرى.

شاكەن ئونالبايېۋ (قازاق)

## ئېسىمدە

ياغمۇر كەبى قۇيۇلغاندا ئوت كۆيلەر،
كۆرۈنەتتىڭ مەن چىقماقچى چوققىمدەك.
ھەزىللىشىپ يۈرەر ئىدۇق ھەر دائىم
بىللە ئۆسكەن ئاكىمدەك ھەم ئۇكىمدەك.

ئېگىلمەيتتىڭ خۇددى قەيسەر قارىغايدەك،
شائىر ئىدىڭ راھەتكىنى يۇتتۇرگەن.
بىر تاغ ئىدىڭ شۇنچە مەزمۇت، سالماقلىق،
بۇ دۇنيانىڭ جەبىرىسىنى كۆتۈرگەن!

نەزەرىڭدە ئوخشاش ئىدى چوڭ - كىچىك،
ئىلھامىڭغا يەنە ئىلھام قوشاتتىڭ.

سۆزلىشەتتىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ تۆرىدە،
قازاقچىنى ئۇيغۇرچىدەك سوياتتىڭ.

خالايىقنى شادلاندۇرغان ھەزىلىڭ
تىنىدى بىر چاغ ئۆز جايىدا بېسىلىپ،
يىغلىغىنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىمدە
قاۋسىلقانىڭ تاۋۇتىغا ئېسىلىپ.

بىللە ئۆستۇق بىر قۇياشتىن نۇر ئېمىپ،
بىللە ئۆستۇق ھەر يوكسەككە تەڭ چىقىپ.
ئالسۇن دەيتتىڭ دوستلۇق دېگەن بايراقنى
ھەر بىر ئەۋلاد يۈرىكىگە چىڭ چىگىپ.

ئۆمەرغازى ئايتان (قازاق)

---

## ئۇنتۇلماس دوست

شۇم ئەجەل ئېپكەتتى ئېسىل شائىرنى، شاراب ئەمەس ئىدى ئۇ قۇيغىنىم بىراق،
كېلەر دەپ، قايغۇنىڭ قارا بۇلۇتىدىن تامغان سۆزۈلۈپ.
(ئەجەلنىڭ كۆچىنى تۇيىماي) قېنىنى ئۇ،
ئالدىمغا قويدۇم ئىككى قەدەھنى، دەۋرىمىزنىڭ يېتۈك شائىرى؟
بىرسىگە قۇيۇپ، ئاڭلىمىدۇ يىراقتىن،
ئېسەدەپ كەتتىم بىرسىگە قۇيىماي. تۆكمەس بىز ناخشا ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ.

ئاق قەغەز ئۈستىدە تۈردىۇ جانسىز
ئىنگىسىز قەلەم،
بوشىغان قەدەھتەك،
كۆڭلۈممۇ بوپ بوش.
ئېيتىلماي قالدى ئەڭ ئاخىرقى
بىر [illegible] چاتچىقى،
بىراق،
ئۇنتۇلماس ئاخشىمىدەك
ئۇنتۇلماس شائىر
ئۇنتۇلماس جان دوست

رەخمەتۇللا ئەبشە (قازاق)

## ئەلۋىدا

چېتىلدى ئىڭەك،
ئۈن تىندى،
شېئىر تىندى،
تىل تىندى،
ئاۋاز تىندى،
يۈرەكلەر مۇڭغا چۆمدى.

ئېست، تەكە،①
ئېست، دوستۇم،
جانىجانىم، ئەلۋىدا! ئەلۋىدا!
قەدىناسىم،
قېرىنداشىم، خانۇمانىم؛
ئۆمرۈڭ پۈتتى، ئاھ!
قارىچۇقۇم دەپ يادلايدىغان،
قازىقىم دەپ داڭلايدىغان،
قازاق دەردىنى ئاڭلايدىغان،
يۇلتۇز ئۆچتى، ئاھ!
ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئاقىنى،
قازاقلارنىڭ يېقىنى،
مەملىكەتكە، ئالەمگە
مەشھۇر ئىدىڭ ئېسىلزاد.
كۆرۈپ ئۆتتۈڭ ھەممىنى،
غېمىڭ ئىدى ئەل غېمى.
ئەمەسكەنمىز تەلەيلىك،
تىرىكلىك ساڭا ئالايدى.
كۆزۈڭ يۇمدۇڭ،
كۆمۈپ كەلدىم
يىغلا - يىغلا ھەسرەتتە.
لېكىن نۇرلۇق چىرايىڭ
ئۇنتۇلماس ئەسلا ئەبەدكە!

---

بۇساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: م. بارى.
بۇ ساندىكى خەنزۇ، قازاق، قىرغىز شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى: ئو. ساۋۇت.

---

① تېيىبجاننىڭ ئىسمىنىڭ قازاقچىدا ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىشى.

ۋالى مىلك

# تېيىپجانغا يىغلايمەن

يىلان يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن مۇنداق قاباھەتچىلىكنىڭ بولۇشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن: ئەزرائىل ئۇشتۇمتۇت قول سوزۇپ كېلىپ، كامالەتكە يەتكەن بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنى ئېلىپ كەتتى.

تېيىپجان ئۇيغۇرلارنىڭ مەن دەسلەپ تونۇشقان كاتتا شائىرى. ئۇنىڭ چاۋشەن خەلقىنى كۈيلەيدىغان «تاغنى كۆرگەندە» ناملىق شېئىرى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 16 ياش چېغىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر جۇمھۇرىيىتىدە نەشر قىلىنغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا زوقلىناتتىم ۋە تېيىپجان دېگەن ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتىم. ھەتتا ماڭا ياققانلىكى ھەرقانداق ناخشىنىڭ، ئالايلۇق، «ئۇلۇغ باغۋەن»، «باھار ۋالىسى»... قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنى تېيىپجان يازغان دەپ قارايتتىم، جەزمەن شۇنداق دەپ باشقىلار بىلەن تالىشىپ كېتەتتىم. باشقىلار تولۇق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بۇ ناخشىلارنىڭ سۆزىنى تېيىپجاننىڭ يازمىغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، روھىم چۈشۈپ كېتەتتى.

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە تېيىپجان بىلەن بىللە ئىشلىدىم. ئەينى ۋاقىتتا، تېيىپجان گەرچە خېلىلا يۇقىرى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتە ئانچە ئىشەنچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئاۋۋال تۈگىمەس ئۆگىنىشكە سالدى. كېيىن خېلى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنمىغان شېئىرى «‹ئاساسەن›نىڭ شىكايىتى» تەنقىد قىلىندى. تېيىپجان بۇ شېئىردا «ئاساسەن» دېگەن سۆز كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىلدى، ئوپ ئوچۇق ئىشلار چېگىنىشلەشتۈرۈۋېتىلدى، زورمۇزور ئاساسەن غەلىبە قىلدۇق دېيىلىۋاتىدۇ، دېگەنىدى. تېيىپجان بۇ شېئىرىدا لاپ ئۇرىدىغان پوچىلارنى مەسخىرە قىلىپ ئۇلارنى «ئاغزى بىلەن شەھەر ئالغان پالۋان» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ مىسرا ـەكمۇ «زەھەرلىك» يېزىلغان دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن تېيىپجان «چوڭ

سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە ھۇجۇم قىلغان جى-
نايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم» دېيىلدى.

تېيىپجان داڭلىق شائىر، بولۇپمۇ داڭلىق «ھەرىكەتچى» ئىدى. 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، بىرەر سىياسىي ھەرىكەت بولسىلا ئۇ تارتىپ چىقىرىلدى، تەنقىدلەندى. ھەرىكەتنىڭ ئەلپازىمۇ يامانىدى. خەقلەر ئۇنىڭغا زەربە بەردى، ھاقارەت قىلدى. دەرۋەقە، نۇرغۇن ئادەم چاقىرىقتا ئاۋاز قوشۇپلا ئۇنى تەنقىد قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۆزلىرىدىن ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، مەشھۇر ئادەملەرگە زىيان سېلىشنى ئالاھىدە خۇشاللىق ھېس قىلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان بەزىبىر ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار چاكىنا ھاياتى ۋە يارامسىزلىقى بەخش ئەتكەن ئاجىزلىق بىلەن پۈچەكلىكىنى ياپماقچى بولاتتى. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنلا تېيىپجاننىڭ «ئايرىم دەپتەر» گە تىزىملانغان ئادەم، كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىش نىشانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

تېيىپجان ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ھەممىسىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆڭۈلگە ياققاچقا، ئامما قانچە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ تەنقىدلەنسىمۇ، تېيىپجان يەنىلا مەشھۇر شائىر، 13 - دەرىجىلىك كادىر بولۇپ قېلىۋەردى. ھەرقانچە ھەرىكەت، تەكشۈرۈش ۋە كەمسىتىشلار بولسۇن، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمەيتتى. كۈلۈمسىرىگىنىچە، مەغرۇر تۇرۇپ قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلاتتى، ئۇنىڭ چاقچاقلىرى دەرھال تارقىلاتتى، بۇ چاقچاقلار يەنە جۇغلىنىپ، ھەرىكەت داۋامىدىكى «جىنايى ھەرىكەت»كە ئايلىناتتى. ئۇ، بۇ «جىنايى ھەرىكەتتى»نى بويىنىغا ئالغان ھەممە ئەيىبلەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن كەڭچىلىككە ئېرىشەتتى. كەڭچىلىككە ئېرىشىپلا يەنە يېڭى چاقچاقلارنى قىلاتتى. يۇمۇرىستىك تۇيغۇ تېيىپجاننىڭ بىر ئاساسلىق ئىقتىدارى ئىدى. تېيىپجاندا يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت بولمىغان بولسا، ئۇ بۈگۈنگىچە ياشىيالمىغان بولاتتى. تېيىپجاننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭ تەكشۈرۈشكە ئۇستىلىقى ۋە يۇمۇرىدىن ئوبدان پايدىلانغانلىقىغا گۇمان قىلمىسا بولىشىۋېرىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، تېيىپجاننىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتمىكى قىيىن بولدى، ئۇ دۈشمەن، دەپ قارالدى ۋە يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ كۈنى يېزىدىمۇ ئوبدان ئۆتتۈپتۇ. ئۇ كېيىنكىدە مەدرىستە ئوقۇغان بولغاچقا قۇرئان يېزىقىنى — ئەرەب يېزىقىنى بىلىدىكەن. پارس، رۇس تىلىنىمۇ ئانچە - مۇنچە يامىدايدىكەن. شۇڭا ئۇ يېزىدا قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ يۈرۈپتۇ. دېھقانلار قوي، كالا سويۇپ مېھمان قىلىپ، بېشىدا كۆتۈرۈشۈپتۇ. بۇ يالغان بولمىسا كېرەك.

تېيىپجان ئىشى ئوڭغا تارتىپ، سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، خىزمەت ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن، دەررۇلا ئەتىۋارلىق ئەرباب بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتىمۇ ھەر خىل پەرەزلەر بولدى. مەن 1973 - يىلىدىن كېيىن تېيىپجاننىڭ ياخشى سۆزلىرى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ شاپائىتى بىلەن ئەھۋالىمنى سەل-پەل ياخشىلىۋالدىم. ئالايلۇق، بۆلۈمدە ئولتۇرۇپ ئىشلىسەممۇ بولىدىغان بولدى. كىتابنى كۆپرەك ئوقۇش، تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىققا ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدۇم. گەرچە بىرەر نەرسە يازالمىغان بولساممۇ، ئەمما تېيىپجان ماڭا ياردەم قولىنى سۇنۇشتىن ئايانمىدى. بۇنى «زەرگەرنىڭ ئالتۇن قەدرىنى بىلىشى» دېسەم بولار. شۇڭا مەن تېيىپجانغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىمەن!

ئۇ ئەتىۋارلانغاندىن كېيىن، زامانغا بېقىپ بەزى شېئىرلارنى يازدى. مەن ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمىغان مۇنداق شېئىرلىرىدىن بىرنەچچە پارچىسىنى تەرجىمە قىلدىم. كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، تېيىپجان يەنە ئانچە ئەتىۋارلانمايدىغان بولدى. ئاقىۋەتتە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلدى.

تېيىپجان ئىككىمىز ئۇ يازغان، مەن تەرجىمە قىلغان ھېلىقى شوئار شېئىرلارغا پۇشايمان قىلدۇق. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا، ھەقىقىي ھېسسىياتلىق شېئىردىن ئون پارچە يېزىڭ، مۇھەببەت لىرىكىلىرى بولسا تېخىمۇ ياخشى، مەن تەرجىمە قىلاي، دەپ مەسلىھەت بەردىم. بۇ مەسلىھەتىم ئۇنىڭغا تازا ياقتى. ئەمما، بەرىبىر يازالمىدى. ياش شائىر—تالانت ئىگىسى — گۇمانلىق ئۇنسۇر — ھەرىكەتچى — دۈشمەن — سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش — ئالاھىدە ئەتىۋارلاش — چەتكە قېقىش...تىن ئىبارەت مۇساپىنى باسقان ئادەم قانداقمۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازالىسۇن؟ مۇھەببەت لىرىكىلىرى يازالمىغانغا ئۇ ئۆلۈپ قالمايتتى! ئۇ يۇمۇرلۇق، ساغلام، قەيسەر ۋە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئىنسان بولغاچقىلا ئۆلۈپ قالمايتتى! ئۇلان-

بايدىكى «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ شورلۇق يېرىدە ئۇ خۇددى كالىغا ئوخشاش ئىشلىدى. كېسەك قۇيدى، نان ياقتى، تامچىلىق قىلدى، سۇ تۇتتى، ئورما ئوردى. ئۇ يالغۇز ئۆزى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلدى. كېيىن چىققان بەزى شائىرلارغا ئوخشاش ھاكاۋۇرلۇق قىلمىدى. شۇڭا، 1987-يىلى ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم خوجىنىڭكىگە ئوخشاش كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمدا ئىشەنمەيلا قالدىم. 1988-يىلى يازدا مەن شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ ئەمدىلا ئوپېراتسىيىدىن چىققاچقا بىرئاز ياداپ قالغانىكەن، رادىئوئاكتىپلىق نۇر بىلەن داۋالانغانلىقى ئۈچۈن چاچلىرىمۇ خېلىلا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ماڭا ھە دەپ چاقچاق قىلدى.

1989-يىلى 1-ئايدا، تېيىپجان بېيجىڭدىكى 301-دوختۇرخانىدىن ئەڭ ئاخىرقى ساناقلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا قايتىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇ يەنىلا چاقچاق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. تېيىپجان سەيپىدىن ئەزىزگە بىزنىڭ 1980-يىلقى چاقچاقلىرىمىزنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يىلى بىز بىرگە پىچان ناھىيىسىگە بارغانىدۇق. دېھقانلار تېيىپجاننى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەر بىلەنلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش بىلەنمۇ قارشى ئالدى. تېيىپجانمۇ شېئىر ئوقۇپ دېھقانلارغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇيغۇر مىللىتى — شېئىر مىللىتى. تېيىپجان كامالەتكە يەتكەن

شائىر ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ «كامالەت ئىگىسى» دېگەن بۇ شۆھرىتىگە ئاممىدىن يىراقلىشىش ياكى ئاممىغا قارشى مەيداندا تۇرۇش ھېسابىغا ئېرىشكەن ئەمەس. مەن بۇنىڭغا تولىمۇ قايىل ئىدىم ۋە زوقلىناتتىم. تېيىپجان بىر ئايالنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا بىر نەچچە تۈپ يېسىۋىلەك سوۋغا قىلغانىدى. مەن: «سىز خەلقنىڭ شائىرى. شۇڭا خەلقنىڭ يېسىۋىلىكىنى يەيسىز ـ دە» دەپ چاقچاق قىلىۋىدىم، ئۇ تېلىقىپ قالغۇدەك كۈلدى. ئۇ بۇ نۆۋەت بۇ ئىشلارنى بېيجىڭدىكى دوستلىرى بىلەن خوشلىشىش خاتىرىسى سۈپىتىدە سۆزلەپ بەردى.

مانا مۇشۇنداق بىر شائىرمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇكېرىم خوجىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ تەقدىرىمۇ، كېسىلىمۇ ئوخشاش بولدى. بۇ خۇدانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئىستېداتلىق شائىرلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتكەن قىسمەتلىرىمۇ؟ مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغان ئۇ يىلدىن بۇيان قازاق يازغۇچىسى قاۋسىلقان قوزىبايېۋ، ماقاتانلار ۋاپات بولدى. ئۇيغۇر تەقرىزچىسى پەتتارجان مۇھەممەدىمۇ ۋاپات بولدى. ئارقىدىن بۇ ئىككى تالانتلىق شائىرمۇ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 50 ياشتىن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا كۆز يۇمدى. يىراقتىن تەڭرىتاغقا بېقىپ، كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ كەتكۈدەك يىغلىدىم!

كېلىڭلار، قەدىردانلار، بىز يەنە «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە قايتىپ بارايلى. بىز كېچىلىرى يەنە بىرگە سۇ تۇتايلى. ئۆتكەنلەر، [illegible] مېنىڭ كۆپ ئىش ـ كۈشلىرىمگە ھەمدەم بولغان. بىز مۇخوركا ۋە ئالبانىيە [illegible] تۇتۇشۇپ چېكەتتۇق. ھەر [illegible] بىلەن ئۆزئارا تەسەللىي بېرىشىپ، كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇراتتۇق. [illegible] ئامان ـ ئېسەن بولسىلا بۇنداق [illegible] كۆڭۈللۈك ئەمەسمۇ!

مېنى ئازابلىغىنى يالغۇز بۇلا ئەمەس. مو يىڭفىڭ① 51 يېشىدا، تېيىپجان ۋاپات بولۇپ ئون نەچچە سائەتتىن كېيىن ۋاپات بولدى. پەلەك بەكمۇ تەتۈرلۈك قىلدى. باۋچاڭمۇ② كېتىپ قالدى. بۇلار بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئاپتاپ كۆرگەن، كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى پۈككەن ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئىدى. ئۇلار يەلكىسىگە ئېغىر يۈكلەرنى ئالغان ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئىدى.

ئاھ، بۇ قانداق قىسمەت ـ ھە؟!

پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان، ھازىر ياخشىلىنىۋاتقان ليۇشاۋتاڭدىن باھار بايرىمىدا خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «باۋ چاڭ تۇيۇقسىزلا يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بەك قىينىلىۋاتىدۇ. بىزدەك تەڭتۇشلەر مۇشۇنداق بىر ـ بىرلەپ تۈگەپ كېتەرمىزمۇ؟ پېشقەدەملىرىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋاتىدۇ، ياشلىرىمىز ئەركىن، ھۆر ياشاۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۇلارغا زوقى كېلىدۇ...»

مەن ئەمدى نېمە دەي؟ ئاھ، خۇدايا پەرۋەردىگارا، مېنىڭ نالە، ئاھىم ساڭا يېتەرمۇ؟

(«ئەدەبىيات ـ سەنئەت» گېزىتىنىڭ 4 ـ مارت سانىدىن)

**كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى.**

---

① مو يىڭفىڭ ــ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى خۇنەن شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «گېنېرالنىڭ خىتابى» رومانى تۇنجى قېتىملىق ماۋدۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

② باۋچاڭ ــ ئاتاقلىق يازغۇچى، تەقرىزچى، پروفېسسور، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى.

ۋاڭ گۇلىن

## «زەرتون - لىباسلىق تالقان تۆكتى چاغ»

— يولداش تېيىپجان بىلەن بىللە گۇاڭدۇڭنى زىيارەت قىلغان كۈنلەردە

1967 - يىل باش كۈزنىڭ ھېلىقى بىر ئاخشىمى ھېلىھەم ئېسىمدە ناھايىتى
ئېنىق تۇرۇپتۇ: مەن، تېيىپجان، ئابدۇكېرىم خوجا ئۈچەيلەن ئۈلانبايدىكى مەدەنىي-
مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چەت - ياقىدىكى «توققۇز ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان
يېزىدىكى بىر ۋەيرانە ئۆيدە توكۈلۈپ ئولتۇراتتۇق. روھىي كەيپىياتىمىز ناھايىتى
ئۇسال ئىدى. ئىستىقبالدىن ئۈمىد قالمىغانلىقى، ھاياتىمىزمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمى-
غىنى ئۈچۈن، تامامەن دېگۈدەك قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندەكلا ھالەتتە ئى-
دۇق. ئۇ چاغلاردا، ئۈرۈمچىدە ئەلەم كۈرىشى تازا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، يىراق-
تىن پات - پاتلا مىلتىق ۋە پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كې-
يىن، مىلتىق ئاسقان، نەيزە كۆتۈرۈشكەن بىر توپ «قىزىل قوغدىغۇچى» كېلىپ، بىز
بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىۋاتقان شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
پارتكورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ليۇ شاۋۋۇنى تۇتۇپ كەتكەنىدى، ئەھۋال ناھايىتى
قورقۇنچلۇق ئىدى. بىز ئەمدىلا ئەمگەكتىن قايتىپ، تېخى كەتمەنلىرىمىزنى يەرگە قويمى-
غانىدۇق، بىر توپ ئادەم بىزنى خۇددى قاراقاغىلاردەك ئورىۋالدى، تىل - ھاقارەت،
ھەيۋە - تەھدىت، تەنبىھلەر تۆپەيلىدىن بىز نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق.
شۇ چاغدا بىر يىگىت بىزدىن كىمنىڭ ليۇ شاۋۋۇ ئىكەنلىكىنى سورىدى. بىز نائىلاج-
لىقتا گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىدى، بەلكىم ئېتىزلىقتا بولسا
كېرەك، دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەملەر خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك
ئېتىزلىققا يۈگۈرۈشتى. ئامەت ئۇڭدىن كېلىپ، بىز بىر چەتتە قېپقالدۇق. بىراق
كىممۇ ئۇلار ھېلىلا كېلىپ بىزنى تۇتمايدۇ دېيەلەيدۇ؟ بىز ھەممەيلەن شۇ چاغلار-
دا خاراكتېرىمىز بېكىتىلىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئىسمىمىز ئاتالغان ئەكسىلئىنقىلابچى-
لار ئىدۇق. ئۇلار بىزنى تۇتۇپ كېتىپ تازا ئۇرۇپ، ھەتتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ،
ھەممەيلەن ئۇنى «ئىنقىلابىي ھەرىكەت» ھېسابلايتتى. ھالبۇكى، بىز قاچساقمۇ، يو-

www.uyghurkitap.com

شۇرۇنۇۋالساقمۇ بولمايتتى. ئۇنداق قىلساق «جىنايەت ئۆتكۈزگەن» بولاتتۇق. شۇڭلاشقا، شۇ ئاخشامنى بىز تولىمۇ بىئاراملىقتا ئۆتكۈزدۇق. مېنىڭ تاماكىنى تاشلىغىنىمغا ئىككى ئاي بولغانىدى، شۇ ئاخشىمى قايتىدىن چېكىشكە باشلىدىم. ئابدۇكېرىم خوجا ليۇ شاۋۇنىڭ كاردۇىتى تېگىدىن بىر بوتۇلكا [illegible] هارىقى» نى تېپىپ كەلدى-دە: «كېلىڭلار، ئازراقتىن ئىچىشىپ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرايلى» دېدى. بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن، تېيىپجان راستىنلا [illegible]رەكلىك بىلەن دۇتار چېلىشقا، دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. گەرچە مەن ناخشىدا نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما قايغۇ-ھەسرەتلىك كەيپىياتنى تامامەن ھېس قىلىپ يېتەلەيتتىم. شۇ چاغلاردا ماڭا ئەمدى ھاياتىم تۈگەشكەندەك، تۇرمۇشتا بىزگە ئازاب-ئوقۇبەتلا بولۇپ، زادىلا شادلىق بولمايدىغاندەك تۇيۇلغانىدى.

## قارا شىلەپىلىك ئۆمەك باشلىقى

18 يىلدىن كېيىن، تېيىپجان بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشايدىغانلىقىمىزنى، ياشىغاندىمۇ شۇنداق شاد-خۇرام ياشايدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. 1985-يىلى كۈزدە، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى گۇاڭدۇڭنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى تەشكىللىدى. ئۆمەكنىڭ باشلىقى تېيىپجان ئىدى. زىيارەت 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرىغىچە بولدى. مەن تېيىپجان بىلەن بۇرۇن جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ كۆرگەن قەدىناس دوستلاردىن بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىكى مىللىي يولداشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، خىزمەتچى خادىملار مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، قويۇقلاشتى.

زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر پايتەخت ئايرودرومىدا جەم بولغان چاغدىكى كۆرۈنۈش ھېلى ھەم كۆز ئالدىمدا: تېيىپجان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇ قارا شىلەپە، كاستۇم-بۇرۇلكا، كۆلرەك پەلتو كىيگەن، گالستۇك تاقىغان بولۇپ، ئالاھىدە سالاپەتلىك چەت ئەللىك ئالىمغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ئۇلانباي مەدەنىي-مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلغان چاغلاردىكى تېيىپجانغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغلاردا، تېيىپجان ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك يۈرەتتى (ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنداق ئىدىم). دائىم رەڭگى ئۆچكەن ھەربىيچە پاختىلىق چاپان كىيىپ، بېلىنى شوينىدا باغلىۋالاتتى. تۈكى چۈشۈپ كەتكەن كونا قۇلاقچىنى پۈكۈرۈپ، ھەتتا قاش-كۆزىنى باسۇرۇپ دېگۈدەك كىيىۋالاتتى. قارامتۇل چىرايىدا كۈلكە، شادلىق ئەمەس، مۇڭ، دەرد جىلۋىلىنەتتى، كىشىلەرگە سوغۇق نەزەر تاشلايتتى. ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە-تەبەسسۇم ئوينايتتى. ئۇ ئۆمەكتىكى-

لەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ناھايىتى قىزغىن بولدى، ھەر خىل چاقچاقلارنى قىلدى. چاۋشەن مىللىتىدىن بولغان شائىر رىن شاۋيۈەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر پەس زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن: «قەدىرلىك تېيىپجان، شۇنداق ياش تۇرۇپسىز. 1956 - يىلى ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلغان چاغدا، سىز چىرايلىق يىگىت ئىدىڭىز، ھازىرمۇ چىرايلىق يىگىت پېتى تۇرۇپسىز!» دېدى. خۇشاللىقىدا ئۆزىنى باسالماي قالغان تېيىپجان ئاغزىنى رىن شاۋيۈەنىنىڭ قولىقىغا يېقىن قىلىپ: «كۆيۈپ قالىدىغان قىزلار چىقارمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بىز بېلەت تەكشۈرىدىغان ئىشىككە قاراپ ماڭدۇق. تېيىپجان بىر چامادانىنى خېلى تەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ، چامادانىنى بىردەم كۆتۈرۈۋالدىم. چامادان خېلىلا ئېغىر ئىدى. مەن سورىدىم:

— تېيىپجان، چامادانىدىكى نېمە؟

— نان! — دېدى ئۇ.

ھە، بۇ ماڭا تامامەن چۈشىنىشلىك ئىدى. شىنجاڭلىق مىللىي يولداشلارنىڭ سەپەرگە چىقىسىلا نان ئېلىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى، بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەلگەندە ناننى تېخىمۇ كۆپرەك ئېلىۋالاتتى. ئۇلار گاڭپەن، مومىنى يېگۈسى كەلمەي، ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ناندىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇرغۇنلىرى نان يېقىشنى بىلىدۇ. يولداش تېيىپجانمۇ ماھىر قەلەمكەش بولۇپلا قالماي، نان يېقىش، تاماق ئېتىشكىمۇ ئۇستا ئىدى. مەدەنىي - مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلىغان چاغلاردا، بىر مەزگىل ئاش - تاماقنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىشىغا توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن تېيىپجان بىزنىڭ ناۋايغا ئايلاندى. مۇشۇ ئىش ئۈستىدە، بىر قېتىم دۇنداق چاقچاقمۇ بولغانىدى: بىر كۈنى مەن ئىشتىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلسەم، تېيىپجان ناننى يېقىپ بولۇپ، تونۇر بېشىدا تەرىنى سۈرتۈپ تۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭدىن:

— نان پىشتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئاساسەن پىشتى، — دېدى ئۇ.

— ئاساسەن!؟ سەن يەنە ئاساسەن دەۋاتىسەنغۇ؟ — دېدىم تەئەججۇپلەنگەن قىياپەتتە.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ «ئاساسەن» نىڭ شىددايىتى» دېگەن بىر ھەجۋىي شېئىر يېزىپ، شۇ زامانلاردىكى «ئاساسەن» دېگەن سۆزنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىپ، دەيدىغان «ئاساسەن ياخشى»، كەمچىلىك - خاتالىقنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، دەيدىغان قىلىقىنى تەنقىدلىگەن، ئۇ شۇ سەۋەبتىن بالا - قازاغا قالغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى شېئىر پارتىيىگە قارشى زەھەرلىك چۆپ، دەپ قارىلىپ، تېيىپجاننىڭ بىر چوڭ جىنايىتى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ «ئاساسەن» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان ھامان، بىز چاقچاقىقا ئايلاندۇرۇپ، كۈلكە - چاقچاق قىلىشاتتۇق.

بىلەت تەكشۈرۈش ئورنىدا، بىر بىلەت تەكشۈرگۈچى قىز تېيىپجاننىڭ بىلىتى-نى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر پەس زەن سېلىپ قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دەپ سورىدى تېيىپجان ھېلىقى قىزدىن. ئۇ قىز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۈلۈۋەردى، جاۋاب بەرمىدى.

— بەلكىم، ئۇ قىزغا سىزنىڭ شلەپىڭىز غەيرىي تۇيۇلغاندۇ، — دېدىم مەن تېيىپجانغا. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مۇنداق شلەپە كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېيىپجاننىڭ شلەپىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، گىرۋىكى بەكلا تار، خۇددى چارلىز چاپلىننىڭ شلەپىسىگە ئوخشايتتى. شۇڭا كىشىگە تولىمۇ يۇمۇرلۇق تۇيۇلاتتى. تېيىپجان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بۇ شلەپەم ياخشى ئەمەسمىكەن؟ — دەپ سورىدى. ھېلىقى قىز يەنىلا جاۋاب بەرمەي كۈلۈۋەردى. بىلەت تەكشۈرۈش ئورنىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، تېيىپجان قايرىلىپ ھېلىقى قىزغا قاراپ:

— بۇ قارا كىيزەندىنىڭ قالپىقى ئەمەس، كىيزەندىلىك قالپىقنى ئاللىقاچانلا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن. بۇ ئىدىيە ئازادلىقىنىڭ قالپىقى! — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆڭۈلدىكى شادلىقى، رازىمەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

بىز شىنجېڭنى زىيارەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە، بۇ شلەپىنىڭ ئوبدانلا ئاتىقى چىقىپ قالدى. پېشقەدەم شائىر بى سۇۋاڭ شىنجاڭدا چاقىرىلغان بىر سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭ ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— شىنجاڭنىڭ ھەممە تەرەپتىكى قۇرۇلۇشى ياخشى بوپتۇ. شەھەرنى گۈزەللەشتۈ-رۈش خىزمىتىدە ئاز-تولا يېتىشمەسلىك بار ئىكەن. بەزى جايلارغا ھەيكەللەرنى ئور-نىتىپ گۈزەللىك تۈسى بېرىش كېرەك. ئادەملەرمۇ ھۆسن-چىراي، ياسىنىش لازىم بو-لىدۇ، شەھەرمۇ ياسىنىشى كېرەك. مەسىلەن، ئۆمەك باشلىقىمىز تېيىپجاننى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئاشۇ شلەپىنى كىيىۋالغاچقا، بىزگە شۇنچە ياش، مەدەنىيەتلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ...

پېشقەدەم شائىرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چې-لىشىپ، تېيىپجانغا قاراشتى. تېيىپجان كۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدە ئۇياتچان قىزلارنىڭ مەڭزىدىكىدەك قىزىللىق پەيدا بولدى.

## جەننەتۇل مەئۋا

دوبابىردىكى گۇاڭجۇ شەھىرىدە، ھەممە ياقنى خۇددى باھاردىكىدەكلا ياپيېشىل-لىق، ھۇپپىدە ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر قاپلىغانىدى. بىزگە تېخىمۇ ئەجەبلىنە-نەرلىك تۇيۇلغىنى، يول بويلىرىدىكى ھەيۋەت ئېگىز دەرەخلەرنىڭ چوققىسىدىكى خۇش پۇراق گۈللەر ئىدى. شىنجاڭدا مۇنداق ھالەتنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مۇن-

داق مەنزىرە باھار كۈنلىرىدىمۇ بولمايتتى. «كەلسىمۇ ماي، تىيانشاندا چاقنايدۇ ئاق قار، بۇندا سوغۇق، كۆرەلمەيسەن گۈللەرنى زىنھار.» دېيىلگىنى مۇبالىغە ئەمەس. دۇيابىر يېتىپ كەلگەندە دالىلاردا گۈل كۆرۈش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مۇتلەق كۆپ جايلىرىنى قار-مۇز قاپلىغان بولىدۇ، قاياققا باق-ساڭ، خۇددى رەڭسىز تېلېۋىزوردا كۆرۈنگەن كۆرۈنۈشلەردەك، ئاق، قارا بولۇپلا كۆ-رۈنىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپچىلىك گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ «ئاق بۇلۇت» ئايرودرومىدا ئايرو-پىلاندىن چۈشۈپلا جۇشقۇن باھار مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا تولۇلىشىپ كەتتى. تېيىپجان مېھمانخانا ئالدىدىكى پورەك-پورەك گۈللەرنى سىيلاپ تۇرۇپ، ئويلانغان ھالدا: «بۇ گۈللەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرگىلى بولسا كېرەك» دېدى. ئۇ گۈل ئۇرۇقلى-رىنى تېرىپ شىنجاڭغا ئالغاچ كېتىپ، يىپەك يولى بويلىرىغا چېچىپ، قەدىمىي يى-پەك يولىغا يېڭى ھۆسن بېرىش خىيالىدا ئىدى. گەرچە بۇ خىيال ئۇنىڭ شائىرغا خاس رومانتىك ھېسسىياتىدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنى بەكمۇ قوللىدىم، زىيارەت داۋامىدا، ئۇنىڭغا ئاز-تولا گۈل ئۇرۇقى يىغىپ بېرىش كويىدا بولدۇم.

بىز گۇاڭجۇ شەھىرىدە، بەييۈنشەن دورا زاۋۇتىنى، شىجىڭ رايونىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنى، جۇخەي ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىش مەركىزىنى ھەمدە «چىمەنزار مەيخانىسى»، «جۇڭگو مەيخانىسى» نى، «ئاق قۇ» مېھ-مانخانىسىنى، «شەرق» ئىستىراھەت باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، خۇددى راھەت-پاراغەت ئالىمىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇق. بۇ يەرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققى-ياتىنىڭ تېزلىكى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىزنى ھەيرانۇ ھەس قىلدى. بەييۈنشەن دورا زاۋۇتى ئىشنى بىر تېخنىك ۋە يىگىرمە نەچچە زىيالىي بىلەن باشلىغان بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى ۋە 3 يۈزدىن ئارتۇق تېخنىكى بار، پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر چوڭ زاۋۇتقا ئايلانغان، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 يۈز مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن، ئەمما دۆلەتتىن بىرەر تىيىنمۇ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان. ئۇلار بەييۈنشەن تېغى ئۈستىگە رەت-رەت ھەيۋەتلىك بىنالارنى سالغان، بۇلار زاۋۇتنىڭ يېڭى ئۆيلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق ئۆيلىرى ئىكەن. بۇ زاۋۇتقا كىرسىڭىز، خۇددى باغچىغا كىرگەندەكلا بولىسىز. بۇ يەردە شىپاڭلار، سۈنئىي تاغلار بار. فونتاننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئېلىمىزنىڭ قەدىمى-كى دەۋردىكى مېدىتسىنا ئالىمى لى شىجىننىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان. قاياققا قارىسىڭىز ياپيېشىل دەرەخ ۋە خۇش پۇراق گۈل. ھەربىر ئۆينىڭ پىشايۋانلىرىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل كاككۇك گۈللىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. مۇنداق گۈزەل مۇھىتنى بىز — ئۇزۇن مۇددەت جاپا-مۇشەققەت تارتقان، چۆل-باياۋانلاردا تونىغان، كەملەرنى ئۆي قىلغان يازغۇچىلار قانچە كۆرسەكمۇ يەنە قانمايتتۇق. تېيىپجان ناھايىتى ھاياجانلاندى. زا-ۋۇت رەھبەرلىكى ئۇنى بېغىشلىما يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان-دا، ئۇ قىلچە دىلىغۇل بولمايلا ئۇيغۇر يېزىقىدا: «سىلەر ياخشى دورىلارنى ئىشلەپسىلەر، خەلق سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ؛ سىلەر گۈزەل مۇھىت

يارىتىپسىلەر، بىز سىلەرگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز» دەپ يازدى - دە، زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ «سىلەردىن ئۆگىنىمىز!» دېدى.

بىز ھەممە يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندۇق. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى گۇاڭجۇ شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى يولداش زېڭ ۋېي باشتىن - ئاخىر بىزگە ھەمراھ بولدى، ئۇ ھەم يولباشچى، ھەم چۈشەندۈرگۈچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭ كانتۇڭ تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىنى چۈشەنمەك قىيىن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تېيىپجاندىن «شىياڭچاڭ (كولباسا - چۇجۇق) نى كۆرۈپ كېلەمسىز؟» دەپ سورىدى. تېيىپجان باش چايقاپ: «بولدىلا، بارمايلى. ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭدىمۇ بار، ناھايىتى تەملىك. بىز كولباسا دېمەيمىز، قېزا دەيمىز!» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى بىلدىم - دە، دەرھاللا تېيىپجاننىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ: «بۇرادەر، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى شاڭچاڭ (دۇكان — ماگىزىن)، شىياڭچاڭ (كولباسا)، ماچاڭزى (قېزا) ئەمەس!» دېدىم. بۇ ئۇقۇشماسلىقتىن زىيارەت ئۆمىكىدىكى يازغۇچىلار تېلىقىپ كەتكۈدەك كۈلۈشتى.

شىياڭگاڭلىق ئەرباب خۇ يىڭدۇڭ ئەپەندى جۇڭگو يازغۇچىلار زىيارەت ئۆمىكىنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىزنى ئۆزى مەبلەغ سالغان «ئاق قۇ مېھمانخانىسى»غا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، بىزنى بۇ مېھمانخانىدا ئىككى كۈن ھەق ئالماي ئۇرغۇزدى. بۇ مېھمانخانا ھەشەمەتلىك ئۈسكۈنە - جاھازلىرى ۋە ئىلغار تىجارەت ئۇسۇلى بىلەن دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مېھمانخانىلار قاتارىدا تۇراتتى. ئورۇنلاشقان ئورنىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ، جۇجياڭ دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاساسلىق بىنا 24 قەۋەتلىك، ئېگىزلىكى 102 مېتىر ئىدى. بىنا ئۈستىدە تۇرۇپ گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنىلا ئەمەس، جۇجياڭ دەرياسىنىڭ دېلتىسىدىكى ياپيېشىل ئېتىز - قىرلارنى ۋە توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن دەريا - ئېقىنلارنى قانغۇدەك تاماشا قىلغىلى بولاتتى. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا خۇددى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدىغان 635 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر كۆۋرۈك بولۇپ، ئاپتوموبىللار ئۇدۇللا مېھمانخانىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى گۈلزار مەيدانىغا چىقالايتتى. مېھمانخانا دەرۋازىسىدىن كىرگەندىلا كۆزگە چېلىقىدىغىنى سۈيى 15 مېتىر ئېگىزگە ئېتىلىپ چىقىدىغان فونتان بولۇپ، ئېتىلىپ چىققان سۇ ئۇنچىلىرى بەئەينى ئاپئاق شايىدەك لەيلەپ - ئۇچۇپ، گويا ئادەمگە سېھىردىي تاغدىكى ساماۋى راۋاقتەك تۇيۇلاتتى. مېھمانخانىنىڭ ئىچكى جاھازلىرى تولىمۇ كۆركەم بولۇپ، خۇددى ئوردا - قەسىردەك چاقناپ تۇراتتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ يۇمشاق كارىۋىتىدا يېتىپ، تېيىپجاندا توساتتىنلا بىر ئاجايىپ خىيال پەيدا بولدى بولغاي، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «مەن مەلىكە شېرىنغا ئايلىنىپ قالدىم!» دېدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى «پەرھاد - شېرىن» نىڭ ئايال باش قەھرىمانى مەلىكە شېرىن بەلكىم مۇشۇنداق گۈزەل مۇھىتتا ياشىسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

شۇ مەزگىللەردە، تېلېۋىزوردا چەت ئەلنىڭ «قوملۇق — خۇدانىڭ باغچىسى» دېگەن بىر فىلىم كۆرسىتىلگەنىدى. مەن تېيىپجاندىن:

— خۇدا قۇملۇقتا راستىنلا شۇنداق ئامراقمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ناتايىن، — دېدى تېيىپجان باش چايقاپ، — «قۇرئان» دا كىممەدەكىم خۇداغا راستىن ئىشەنسە، خۇدا شۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، بۇ جەننەت ئەبەدىيگە سالقىن - سايىدۇر، بۇ يەردە كۆركەم، چىرايلىق ئۆيلەر ۋە پاك ھەمراھلار بولىدۇ، جەننەتكە كىرگەن كىشى ئەبەدىلئەبەد شۇ يەردە ياشايدۇ، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەنگەن.

— خۇدانىڭ دېگىنى بەلكىم مانا مۇشۇ گۈلچۆدەك جاي بولسا كېرەك، — دېدىم مەن.

— راست، — دېدى تېيىپجان باش لىڭشىتىپ، — مانا مۇشۇ يەر خۇدا دېگەن جەننەتۇل مەئۋادۇر.

## تۈگىمەس ناخشا

بىز ئىككى بولكىۋايغا ئولتۇرۇپ گۈلچۆدىن زىيارەت ئۈچۈن فوشەن، جۇڭشەن، شۇندې، جۇخەي، شېنجېنغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن فوشەنگە يېتىپ كەلدۇق. فوشەن شەھىرى ئانچە چوڭ ئەمەس، بىراق بىر ۋىلايەتنىڭ مەركىزى ئىدى. نەنخەي، شۇندې، جۇڭشەن قاتارلىق ناھىيىلەر فوشەنگە قارايتتى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ يەر گۇاڭدۇڭدىكى ئەڭ باياشات جاي بولۇپ، ئالتۇن «دىلتا» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەر مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە راۋاج تاپقان بولۇپ، بۇ يەردىن نۇرغۇن ئاتاقلىق ئەربابلار چىققان. سۇن جۇڭشەن، خې شياڭنىڭ، كاڭ يۇۋېي قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ يۇرتلۇق ئىكەن. بىز فوشەندە بىر نەچچە زاۋۇت ۋە بىر قەدىمىي ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلدۇق. زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى زامانىۋى بولۇپ، چەت ئەللەردىن يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزگەن، شۇڭا ئىشچىلارنىڭ ئىشى ئېغىر ئەمەسكەن، زاۋۇتلارنىڭ ئىچى بەك پاكىز ئىكەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. ھېلىقى قەدىمىي ئىبادەتخانىدا بۇت يوقىكەن، شۇڭا «ئەجدادلار ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن ۋە بۇ يەردە ئاتا - بوۋىلار روھىغا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا بىلدۇقكى، گۇاڭدۇڭدا ئاللىبۇرۇنلا «نەنخەيدە دېڭىز يوق، فوشەندە بۇت» دېگەن گەپ تارقالغانكەن. ئەمما كىشىلەر چاقچاقلاشقان چاغلىرىدا ئاللانىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن، فوشەننىڭ باياشاتلىقى «ئاللانىڭ شەپقىتى» دەيدىكەن.

بىر كۈنى زىيارەتتىن قايتىپ كەلسەك، بىر توپ مۇخبىرلار تېيىپجاننى ئورىۋالدى. رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىر مۇخبىرى تېيىپجاننى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تېيىپجان خىجىللىق بىلەن:

— مەن شېئىرنى ئۇيغۇر تىلىدا دېكلاماتسىيە قىلىمەن، خەنزۇ تىلىدا دېكلاماتسىيە قىلالمايمەن، — دېدى.

— مەيلى، بىز خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرىمىز، — دېدى مۇخبىر. ئۇنىڭ مۇنداق بىر ياخشى نومۇرنى قولدىن چىقارغۇسى يوق ئىدى. ئاخىر مۇنداق ئامال تېپىلدى: تېيىپجان «تۈگىمەس ناخشا» دېگەن شېئىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئەنە خۇيلۇق بىر شائىرغا سۆزلەپ بەردى. ھېلىقى شائىر مەنەن تەرجىمە قىلدى.

گەرچە كۆپچىلىك بۇ شېئىرنىڭ مەنەن تەرجىمىسىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما شېئىردىكى ئۆزگىچە خاس مەزمۇننى ھېس قىلىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن تۇردى ۋە ماختاشتى.

ئاپتوموبىل جۇجياڭ دىلتىسىنىڭ يېشىل دالاسىدا چاپماقتا ئىدى. قويۇق شېكەر قومۇچلۇق خۇددى شىمالنىڭ ئاق قوناقلىقىغا ئوخشايتتى. تىپتىنىچ كۆلچەكلەر، ئالتۇندەك سېرىق ئاپېلسىنلەر، كەڭ يوپۇرماقلىق بانانلار جەنۇبنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، ئادەمگە گۈللەش، باياشادلىق تۇيغۇسى بېرەتتى. شىنجاڭنىڭ ئىنسى-جىن يوق چۆللىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھاياجانلانماي تۇرالمايتتى. تېيىپجان گويا كۆرۈپ قانمىغاندەك، كۆزلىرىنى سىرتتىن ئۈزمەيتتى. تېخى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى بوشقىنا ئېيتاتتى. گەرچە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەردە ناخشا ئېيتىدىغان ئادىتى بارلىقىنى بىلسەممۇ، ئۇ پەقەت زېرىكىشنى تۈگىتىش ئۈچۈنلا ئىدى. ھازىر تېيىپجاننىڭ ناخشا ئېيتىشى بولسا قەلبىدىكى كۈچلۈك ھاياجان، چەكسىز شادلىقنىڭ تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىشى ئىدى.

— راستىنلا تۈگىمەس ناخشا-ھە! — دېدىم دولام بىلەن تېيىپجاننى نوقۇپ، ئۇ چوڭقۇر خۇرسىنىپ:

— ناۋادا 30 ياش ياشارغان بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! — دېدى.

بىز مەيلى قەيەرگە بارايلى، تېيىپجان ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭغا مەخسۇس مۇسۇلمانچە ئاش-تاماق تەييارلىناتتى. ئېكسكۇرسىيە چاغلىرىدا، مېھمانخانىلارنىڭ قىزغىن خىزمەتچى قىزلىرى ئۇنى قولتۇقلىۋالاتتى، سىرتقا ماڭغاندا ئاپتوموبىل تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ باراتتى. تېخى «ئاستاراق مېڭىڭ، خوش!» دېيىشەتتى. بىر كۈنى تېيىپجان سەل ئىچى پۇشقاندەك:

— «ئاستاراق مېڭىڭ» دېگەنمۇ تەكەللۇپ سۆزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن، — ياشانغانلارغا نىسبەتەن بۇ بىر خىل كۆيۈنۈش.

— مەن قېرىمىدىم، تېخى ياشمەن!

— ئاشۇ قىزلارغا قارىغاندا قېرى-دە.

— ياق، تېخى قېرىغىنىم يوق!

ئۇ راستىنلا ئۆزىنى ياشلارنىڭ قاتارىغا قويۇشنى ئويلايتتى.

«چىقمايدۇ ئەستىن ئەڭ ئېسىل مەۋسۇم»

15 كۈنلۈك زىيارىتىمىز ئاياغلىشىپ، بىز يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ، شېنجېندىن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن ئالغان

تەسىراتلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. ئۇلار نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىپلا قالماستىن، ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولدۇق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە بولغان گۇمانلارمۇ يوقالدى، دېيىشتى. شۇ چاغدا تېيىپجان چوڭ بىر قەغەز بولاقنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ماڭا قاراپ:

— بۇنى ئەمدى قانداق قىلاي؟ — دېدى. مەن بولاقنى ئاچتىم. ئۇ يەپ ئېشىپ قالغان، خۇددى تاشتەك قېتىپ كەتكەن نان ئىكەن. ئىچكى موڭغۇللۇق يازغۇچى ئەنكاچىنخۇ:

— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دېدى ـ دە، مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىدى: ئىچكى موڭغۇلدىكى بىر يېمەكلىك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان تۇخۇم پوشكىلى ئاجايىپ داڭ چىقىرىپتۇ. بىر كېچىسى بىر ئوغرى تۇخۇم پوشكىلى ئوغرىلاش ئۈچۈن بۇ زاۋۇتنىڭ ئىسكىلاتىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپتۇ. بىراق، ئۇنى دىژۇرنى سېزىپ قاپتۇ ـ دە، تۇخۇم پوشكىلىنى ئېلىپلا ئوغرىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. تۇخۇم پوشكىلى ئوغرىنىڭ بېشىغا تېگىپ يېرىۋېتىپتۇ. ئوغرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇتۇلۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىلىپتۇ. دۆلەت مۇداپىئەسى پەن تەتقىقاتى كومىتېتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇيرۇق چىقىرىپ بۇ زاۋۇتنى مۇكاپاتلاپتۇ ۋە «سىلەر ئىشلەپچىقارغان تۇخۇم پوشكىلى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا قورساقنى تويغۇزىدىكەن، ئۇرۇش ۋاقتىدا گرانات بولىدىكەن» دەپ ماختاپتۇ.

ھېلىقى يازغۇچى گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مېنىڭ قولۇمدىكى ناننى ئالدى ـ دە:

— بۇنى بىر تەرەپ قىلماق ئوڭاي، بېيجىڭغا بارغاندا، مەن بۇ نانلارنى دۆلەت مۇداپىئەسى پەن تەتقىقاتى كومىتېتىغا ئېلىپ بېرىپ مۇكاپات ئالاي! — دېدى.

گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، كۆپچىلىك تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى. ئاقىۋەت، تېيىپجان بۇ نانلارنى شىنجاڭغا ئالغاچ كېتىدىغان بولدى. بۇنداق قىلىش پايدىلىق ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئۇ مۇشۇ بىر پاكىت ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ گۇاڭدۇڭدا قانداق ياخشى كۈتۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

«چىقمايدۇ ئەستىن ئەڭ ئېسىل مەۋسۇم — زەر تون ـ لىباسلىق تالقان تۆكتى چاغ.» مەن سۇ دۇڭپونىڭ بۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ناھايىتى ياقتۇرىمەن. گۇاڭدۇڭدا زىيارەتتە بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ زەر تون ـ لىباسلىق تالقان تۆكتى چاغ كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى، ئېرىشمەك قىيىن بولغان شۇ قېتىمقى زىيارەت تولىمۇ گۈزەل بىر ئەسلىمە سۈپىتىدە، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئەبەدىلئەبەد ياشايدۇ.

(«غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» نىڭ 1989 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

مۇھەممەت رەھىم

## شېئىرىم ئاق باغلىدى

شېئىرىم غەم چەكتى شائىر ھالىدىن كەتكەندىن كېيىن،
ئەنسىرەپ قالغان ئىدى مىسرالىرىمنىڭ ھەر بىرى.

شېئىرىم سەكپارە بولدى ئۆزىنى ھەر يان ئۇرۇپ،
ئۆچتى دەپ بىر تۇرپە شائىرنىڭ ھاياتلىق ئەختىرى.

شېئىرىم ئاق باغلىدى يىغلاش ئۈچۈن بەلباغ تۇتۇپ،
سىغىمىغاي مىڭ-مىڭ شېئىرغا بۇ جۇدالىق تەسۋىرى...

شېئىرىم تۇپراقنى قۇچتى يۇتمىغىن شائىرنى دەپ،
ياخشى بولسۇن، خاھ يامان، ئوخشاشمۇ ئىنسان تەقدىرى؟

شېئىرىم بايراق چۈشۈردى قايغۇ-ماتەم بىلدۈرۈپ،
شۇم خەۋەر تارقاتتى دۇنياغا مۇسىبەت كەپتىرى.

شېئىرىم تىكلەيدۇ ھەيكەل بۇ ئەزىز شائىر ئۈچۈن،
روھىنى ئىززەتلىگەي ئەلنىڭ مۇھەببەت مۇنبىرى.

## يىغلىماڭ، يۇلتۇز قىزىم

(دوستۇم تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ قىزىغا تەسەللى)

ياش تۆكتىڭىز، يۇلتۇز قىزىم، ئاھ ئۇرۇپ،
شائىر دادام مېنى تاشلاپ كەتتى، دەپ.
سىزگە قاراپ يىغا تۇتتى مېنىمۇ،
يىغلىۋەتتىم ئىچ-ئىچىمدىن ئۆپكىدەپ.

مىڭ ئۆلۈمدىن مۈشكۈل، ئېغىر تۇيۇلدى
دادىڭىزنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتكىنى.
سارائىلىقمۇ، ياۋۇزلۇقمۇ، بىلمىدۇق
شۇم ئەجەلنىڭ «قەدەم تەشرىپ» ئەتكىنى...

يىغا بىلەن شۇم ئەجەلنى خۇش قىلىپ،
مالال قىلماڭ كۆلۈپ تۇرغان ئىقبالنى.
«ياخشى ئوقۇڭ!» دېگەن ئىدى دادىڭىز،
ئاشۇ سۆزدىن تېپىڭ كۆتكەن ۋىسالنى.

دادىڭىزدىن قالدى سىزگە تەۋەررۈك —
مىراس بولۇپ كىتابلىرى، قەلىمى.
شۇ كىتابلار كۆرمىسۇن ھېچ چاڭ-توزان،
شۇ قەلەمنىڭ توختىمىسۇن قەدىمى.

دادىڭىزنىڭ ئارزۇلىرى بىر ئۆمۈر
قەلەم بىلەن چېچەكلىدى ئۆكسىمەي.
قەلەم بىلەن قازدى گۆھەر، بولدى باي،
قەلەم بىلەن تاپتى شادلىق، ئىچتى مەي.

قەلەم بىلەن قەلبلەرنى ئوۋلىدى،
قەلەم بىلەن بولدى ئەلنىڭ شائىرى.
قەلەم بىلەن چىقتى ھۆرمەت تەختىگە،
قەلەم بىلەن ۋىدالاشتى ئاخىرى...

شۇ قەلەمنى، قىزىم، ئەمدى سىز تۇتۇپ،
بولۇڭ شائىر دادىڭىزنىڭ ۋارىسى.
يېتىمسىرەپ مۇڭلانمىغاي شۇ قەلەم،
تۇتسا ئۇنى سىزدەك يۈرەك پارىسى.

«مېنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزۇم» دەپ دادىڭىز،
كۆز يۇمغىچە باغرى سىزگە قانمىغان.
ئاتا مېھرى — پۇشتى پاناھ بالىغا،
ياخشى پەرزەنت شۇ مېھرنى ئاقلىغان.

مەن ئۆتۈنەي، يۇلتۇز قىزىم، يىغلىماڭ،
سۇبات بىلەن يېشىڭىزنى قۇرۇتۇڭ.
ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋارىس بولۇپ ئۆزىڭىز،
دادىڭىزنىڭ مەشئىلىنى يورۇتۇڭ.

باتۇر راشىدىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## تېيىپجانغا مەرسىيە

خەۋەر كەلدى قايغۇ - ئەلەم يەتتى، دەپ،
سەن دوستۇمنى بۇ ئالەمدىن كەتتى، دەپ.
تەگرى تېغى نالە - ئەفغان ئەتتى، دەپ،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

ۋاپات بولدى، دېدى، شائىر تېيىپجان،
يۈرەك ئازاب چېكىپ بولدى لەختە قان،
ئاھلار ئۇرۇپ تەندە قالمىدى دەرمان،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

ئەجەب توختاپ قالدى چېلىنغان سازىڭ،
ئاڭلانمايدۇ ئەمدى مۇڭلۇق ئاۋازىڭ،
بەك ۋاقىتسىز غازاڭ بولۇپتۇ يازىڭ،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

شېئىرلىرىڭ قالدى يېزىپ پۈتمىگەن،
ئارمانىڭ كۆپ ئىدى سېنىڭ يەتمىگەن،
مۇنداق بولارىنى ھېچكىم كۈتمىگەن،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

جاپا تارتىپ، ھالاۋەتنى كۆرمىدىڭ،
ئۇڭشالغاندا زامان، دەۋران سۈرمىدىڭ،
دوستلار بىلەن قېنىپ سۆھبەت قۇرمىدىڭ،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

بارالمىدىم، «ئاتلار ئورۇق، يول يىراق»
ھازاڭ ئۈچۈن بولالمىدىم مەن ئورتاق،
يۈرىكىمنى زىدە قىلدى بۇ پىراق،
ئەلەم دېگەن مۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟

رەھمىتۇللا جارى

## تىيەنجان ئىلمىيوپقا مەرسىيە

سەن كەتتىڭ، بىز قالدۇق غۇربەت ـ ھىجراندا،
دىلىمىز ئېزىلدى ئاچچىق يىغاندا،
باقسامكى چىمەنزار، باغلار خازاندا،
خۇش ناۋا بۇلبۇل يوق بۇگۈن بوستاندا.

بىمەزگىل ھەسرەتكە سالدى بۇ تۇپراق،
شادىمان ھاياتتىن قالدۇق بىز يىراق،
ئەي شائىر، دوست ـ يارنى تاشلىدىڭ بىراق،
بۇ ھالدىن بارچىمىز ئەپسۇس ـ ئارماندا.

تەلمۈردۈڭ بالدۇرراق تاپسا دەپ شىپا،
قىسمىتىڭ كاج كەلدى، پەلەك بىۋاپا،
ئاقىۋەت خەستەڭگە يوق بولدى داۋا،
يۈتكەنمۇ ئەزگۈ ئىش ئۇشبۇ زاماندا؟!

كۆي توقۇپ ھەر سەھەر قۇتلۇق يىللاردا،
قازاندىڭ سەممىمىي ھۆرمەت دىللاردا،
كۆيلىنىپ ھەر ناخشاڭ چۆچۈك تىللاردا،
ياڭرىدى سەھنىدە، سىختا، خاماندا.

چىھرەڭدە پارلايتتى تەبەسسۇم ـ سۈرۈر،
چاقنايتتى سۆھبەتتە كۆزلىرىڭدە نۇر،
بارمىقىڭ سۆز ئۆلچەر دائىم بىغۇبار
بولساڭمۇ بىز بىلەن چاقچاق ـ پاراڭدا.

قۇدرىتىڭ ــ ئىستىبدات، يۈكسەك كامالەت،
خەزىنەڭ ــ تەپەككۇر، ئىلھام، ماھارەت،
قەلىمىڭ دۇلدۇلكى، ئۇچقۇر بىغايەت،
ئۆزۈپ چىقتىڭ ھەردەم جەڭگاھ، مەيداندا.

شۆھرىتىڭنى يايدى قىلغان ئەمگىكىڭ،
ساپ ئىدى بۇلاقتەك ئارزۇ ـ تىلىكىڭ،
ئەزەلدىن ئېلىڭگە پەيۋەن يۈرىكىڭ،
سەن ۋەتەن ئىشقىنى ساقلىدىڭ جاندا.

تارىخنىڭ تىلىدىن چۆشمەس سەنئەتكار،
ئابىدەڭ ئالدىدا ياشنايدۇ گۈلزار،
يۈركىنەر گۈللەرگە قەبرەڭ ھەر باھار،
نەسىللەر يادلايدۇ سېنى داستاندا.

تۇردى ساماساق

## ئەلۋىدا

ۋىدالاشماق بەسى مۈشكۈل سېنىڭدەك بىر قەلەمكەشتىن،
نادامەتنامىنى ئاڭلا مېنىڭدەك بىر ئەلەمكەشتىن،
مۇسىبەت ئوتلىرى ئۆرتەپ كۆڭۈل كۆيمەكتىغۇ غەشتىن،
ئارامى تىل تېپىلغايمۇ تـەسەللىيلەرگە ئىزدەشتىن،
جاھاندا چوڭ ئازاب بارمۇ ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەشتىن؟!

دەردخا!...ئاگلىدى ئەل - يۇرت، يىتۈك شائىر، ۋاپاتىڭنى،
قازارا شۇم كېسەل سۇندۇردى ئۇچقۇر، پەر قاناتىڭنى،
قەبىھ - دەردكە داۋا ئىزدەپ داۋام ئەتتىڭ ھاياتىڭنى،
ئەمەلدە كۆرسىتىپ جۈرئەت، شىجائەت، ئىجتىھاتىڭنى،
ئېچۇنكى، بىمەھەل، بۇلبۇل، تىلىڭمۇ قالدى ئۈنلەشتىن.

بىسائەت شۇمخەۋەر زەربى يۈرەك گىردابىنى سىقتى،
جۇدالىق جەبرىدىن قايغۇ - پىغانلار ئەۋجىگە چىقتى،
ئىلىم گۈلزارى ماتەمدە سۆكۈت مۇگزارىغا چۆكتى،
يۇتۇپ ھەسرەت قەلەم ئەھلى ئەلەم - پەريادىنى تۆكتى،
تومۇزدا چاڭقىغان كارۋان ھېرىپ كەلگەن كەبى دەشتتىن.

ئېتەي، تۇتسام قەلەم تىترەر تومۇردا قان قىيانىدىن،
ھارارەت ھەيۋىتى ئۆرلەپ ئېشىپتۇ ئۆز قىيامىدىن،
بۇ ھالكى ئايرىلىپ خەلقىم يېتىشكەن بىر قىرانىدىن،
خارابات ئورنى تولمايدۇ بۇ تارتقان چوڭ زىيانىدىن،
تىلىم لال، كۆزلىرىم بىردەم قىيالماس بەتنى ھۆللەشتىن.

ئەجەب شائىر ئىدىڭ تىل سەنئىتىنىڭ كاتتا ئۇستازى،
تويۇ - مەشرەپكە مەشئەللەر يېقىشنىڭ باشچى، سەرۋازى،
قاناتلىق سۆزلىرىڭنىڭ بار ئىدى شۇڭقارچە پەرۋازى،
بىخودنى ئويغىتاتتى ھەرمەھەل ئاڭلانسا ئاۋازى،
نىشانغا ئوق ئاتاتتىڭ دەلمۇ دەل مەرگەنچە چەنلەشتىن.

پەزىلەت بابىدا سەن خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلانى،
جاھانچە كۆڭلى كەڭلىكتە يىگىت ئەھلىنىڭ سۇلتانى،
ئىجاد ئۈستىدە سۆز بولسا، شېئىرنىڭ پەخرى، چولپانى،
چىمەن بۇلبۇلدەك سايراپ كېزىپ چىقتىڭغۇ دۇنيانى،
تىلىڭ ھېچ تالمىدى خەلقىڭ شەرەپشانىنى كۈيلەشتىن.

مۇبارەكلەپ تويۇڭنى ئەل تەشەككۇر ئەيلىگەن چاغى،
چىكەڭگە سۆيدى ئىستامبۇل قۇچاقلاپ، گۈل تۇتۇپ باغى،
كۆلۈپ قوينىنى ئاچتى بېلگراد شەنىڭگە ھەر ياقى،

يارىشتى تون يېپىپ تاشكەنت قەدىمى تۈركىستانىدا ساقى،
بۇنىڭدەك ئىپتىخار يوق ئەسكىشەھەردە لىپنىتا كەسمەكتىن ①.

ساڭا بۇ شانۇ - شۆھرەتلەر ھايات گۈلزارىدىن كەلدى،
ھايات گۈلزارىغا ئامەت تالانت ئوكيانىدىن كەلدى،
دەرىخا!... ئامەتكە ئاپەتلەر نادانلىق كانىدىن كەلدى،
ئازابلىق ئاھۇ - ھەسرەتلەر ئاسارەت دامىدىن كەلدى،
ھەسەتخور لالىملار ھېچ ھارمىدى شۇملۇقنى كۆزلەشتىن.

پىسەنتكە ئىلمىدىڭ ئەسلا زىيانداش زەربىنى ھەردەم،
ئۈمىدۋار چىن ئىرادەڭگە تەلەپچانلىق بولۇپ ھەمدەم،
ھامانە ئالغا يۈكسەلدىڭ بوران قۇشتەك تىمەن، بەردەم،
بۇلاقتەك جۇش ئۇرۇپ ئىلھام، ئۇنۇمسىز تۇرمىدىڭ بىردەم،
ئۆمۈر مەنزىللىرىنى ھارمىدىڭ ئىجادتا گۈللەشتىن.

ھايات گۈلخانىنى بويلاپ يولۇڭ مەنزىلنى ئاچقاندا،
دەۋر - دەۋرانىدا سەنمۇ داۋان، بەللەرنى ئاشقاندا،
ئانا يۇرت ئەجرىدىن گۈللەپ مېۋەڭ مەھسۇلى پىشقاندا،
ئەجەبكى شۇم ئەجەل بالدۇر تېنىڭگە چاڭ يېپىشقاندا،
ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدۇق سېنىڭدەك بىر غەزەلكەشتىن.

گۈزەللىك بابىدا باغۇ - چىمەن بوستانلىرىڭ قالدى،
لىرىكاڭ لەب ئىچىپ گۈلشەن ئارا داستانلىرىڭ قالدى،
ئەجەمنىڭ ئەۋجىگە تەككەش غەزەل - خەندانلىرىڭ قالدى،
نادامەت داغى ئىچرە يارۇ - دوست، غەمخانلىرىڭ قالدى،
دەرىخا!... خۇشناۋا بۇلبۇل، قاناتىڭ قالدى ئۆرلەشتىن.

ئارام ئال، ئەلۋىدا، ئەي دوستقا دىلكەش شائىرى سەردار،
كۆزۈڭ يۇمدۇڭ، بىراق روھىڭ ھەمىشە ئويغىدىن بىدار،
قەلەم ئۇنچىلىرىڭ ئەۋلادلىرىڭغا مەنىۋى گۈلزار،
ھامان سەن تويۇ - مەشرەپكە بولارسەن ساھىبى دىلدار،
ساڭا يارانلىرىڭ مىڭ جان ئاتا قىلغۇسى ئەسلەشتىن.

① تېيىپجان ئېلىيوپ 1983 - يىل 5 - ئايدا تۈركىيەدە بولغان كونىلاردە ئەسكىشەھەر ئارخېئولوگىيە موزېيىدا راسلانغان فولكلور كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا تەكلىپكە بىنائەن لېنتا كەسكەنىدى.

خېۋىر تۆمۈر

## ئەلۋىدا

دەھشەتتىن لەرزىگە كەلگەندەك جاھان،
قاپلىدى ئەل - يۇرتنى مەيۇس ھاياجان.
ھەممە يەر نادامەت، ھەسرەتكە چۆمدى،
ۋاقىتسىز كەتتى، دەپ، شائىر تېيىپجان!

ئەپسۇسكى، شۇم كېسەل، شەپقەتسىز ئەجەل
ئەپكەتتى شائىرنى شۇنداق بىمەھەل.
نە چارە، ئايرىلدۇق، ھەسرەتتە قالدۇق،
تۈيۇقسىز كۆچكەندەك بۇرجىدىن زۇھەل.

ئايرىلدۇق ئۆمىدلىك شائىر ئوغلاندىن،
خۇش پېئىل، خۇش چاقچاق، كەيپى خەنداندىن.
قوشۇننىڭ سەركىسى، قەيسەر چەۋەنداز،
ئايرىلدۇق، جەڭگاھتا تۇغچى پالۋاندىن.

ئۇ بىلەن توق ئىدى كۆڭۈل ھەر قاچان،
بولاتتى نورۇزدا كەيپىيات ھەم شوخ.
شېئىرلار ئاڭلىساق ئۇنىڭ تىلىدىن،
پۇخادىن چىققۇدەك ھۇزۇر ئالاتتۇق.

نە چارە، ئايرىلدۇق، لېكىن شائىرنىڭ
ئەجەبمۇ چىرايلىق باھارى قالدى.
قىرىق يىل ئەجرىدىن كۆكلەتكەن باغدا
خىلمۇ خىل گۈل - غۇنچە ئەشئارى قالدى...

قۇلاق سال، جەڭگاھتا تۇلپار كىشنىدى،
ئۇ بەلكى ئۆز ئىگىسىنى ئىزدىدى.
دەريادىن ياڭرايدۇ شاۋقۇنلۇق سادا:
ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا!
شائىر، ئەلۋىدا!

مۇھەممەتجان سادىق

## تۇرار ئۇ، خانتەڭرىدە

ئۆلدىمۇ شائىر،
ئۆلدىمۇ؟!
ھەسرەتتا!
تەڭرىتاغ نالىسى
ئۇچار ئەرشتە.
قولىدا ئاق ياغلىق،
چىدالماي
يىغلايدۇ ئەنە، ئۇن سېلىپ
تۆمەن پەرىشتە...
ئاۋرالنىڭ ئاقار كۆزى —
تولغىدى ئەزىم دەريا
قايغۇ - ئەلەمدىن.

چېچىلغان سىياھ ئەمەس،
قىزىل قان،
سۆز ئەمەس،
ئاھ، يۈرەك،
شۇدەم قەلەمدىن!
راست توختىدىمۇ
تۆگىمەس ناخشا ئېيتقان
ئۇلۇغ يۈرەك؟!
ياق، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ مېنىڭ.
تېخى تونۇگۈنلا
كۆرۈۋىدىم شېئىرىنى،
سېزىۋىدىم مېھرىنى...

شۇنداق ئاسان ئۆلەمدۇ ئادەم؟!
شۇنداق ئاسان تۈگەمدۇ شائىر؟!
ھەي، مەن بىلەلمىدىم
تەبىئەت سىرىنى...
ئۇ تەڭرى تاغىنى قۇچاقلىغان
يېشىل ئارچا ئەمەسمىدى؟!
ئۇ قىزىل تېۋىلغا ئەمەسمىدى
ئېگىلىشنىمۇ سۇنمايدىغان؟!
ئۇنىڭ كۆكسى ـ قارنى
شۇنچىلىك كەڭ،
ئاسمان كەبى،
بىھېساب يۇلتۇزلارنى
چاقناتقان يۈزدە.
ئۇ تەرمىگەن گۈل،
تىكمىگەن كۆچەت
بارمىدۇ، بىلمىدىم،
تەڭرى تاغىنىڭ دالا ـ تۈزدە؟!
ئاھ،
توختىدىمۇ شېئىرلار خەزىنىسى —
ئوتلۇق يۈرەك؟!
ياق، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ مېنىڭ!
قارىغىنا، خانتەڭرىدە تۇرغان كىم؟
ئەمەسمۇ تېيىپجان —
يالقۇنلۇق شائىر!
ئۇقۇماقتا تۈگىمەس ناخشىسىنى
ئىشقى ھاياجاندا
بىر زۆھرەگىلا
ۋاپادار تاھىر!
خانتەڭرى ئۆرۈلۈپ كەتمىسىلا،
چۆكمىسىلا يەرنىڭ تەھتىگە،
ئۇ ھامان شۇ يەردە
تۇرار ناخشا ئېيتىپ.
مۇھەببەت تۈگىمىسە،
ناخشا تۈگەمدىكەن؟!
كۈيلەيمىز بىرلىكتە
بار ئاۋاز بىلەن
يېڭىدىن يېڭى ناخشىلار قېتىپ!...

---

مۇمىن سەيرى

## سېنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز

سېنىڭ بىلەن قىزىپ كەتكەن شېئىرىيەت بەيگىمىز،
ئۆزەڭ ئىدىڭ شۇ بەيگىنىڭ ئالدىدىكى بەلگىمىز،
سېنى تالاي كۆتۈۋالغان ئەمەسمىدى پەللىمىز،
بۇ بەيگىدە مەپتۇن ئىدى ساڭا كۆڭۈل مەيلىمىز،
شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈكتى بەيگە بىلەن سەيلىمىز.

تىنماي سايراپ بېغىمىزدا ئەلنى خۇش چاغ ئەيلىدىڭ،
ناخشاڭ بىلەن گۈللەر تېرىپ چۆلنى گۈلباغ ئەيلىدىڭ،
شېئىرىيەت خامىنىدا ئۇنچىدىن تاغ ئەيلىدىڭ،
قېنى شائىر؟ ئەمدى بۈگۈن كۆڭۈلنى داغ ئەيلىدىڭ،
تاغ باسسىمۇ ئېگىلمىگەن ئېگىلدىغۇ يەلكىمىز.

ئەدەبىيات گۈلزارىدا خۇش پۇراقلىق گۈل ئىدىڭ،
ئاسمىنىمىدا چولپان كەبى چاقناپ تۇرغان نۇر ئىدىڭ،
خەلقىمىزنىڭ قايغۇسى ھەم شادلىقىغا جور ئىدىڭ،
سىپپىمىزدە، بەزمىمىزدە، كۆڭلىمىزدە بىر ئىدىڭ،
سېنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ چىدالمىدى قەلبىمىز.

ماتەم بىلەن يىغلاپ ئاقتى ئىلى، تارىم، يورۇڭقاش،
دولقۇنلىدى ھەسرەت بىلەن بوغدا، سايرام ھەم باغراش،
ساي - جىلغىلار بۇلاقلىرى كۆزلىرىدىن تۆكتى ياش،
تەڭرىتاغنىڭ قارىغايلىرى ماتەم تۇتۇپ ئەگدى باش،
شائىر قېنى، دەپ ئۆكسىدى كۆكسالا ھەم تەلكىمىز.

جۇرئەت بىلەن جەڭگە كىرگەن جاسارەتلىك سادىر سەن،
سۆزدىن ئۆتكۈر خەنجەر سوقۇپ ياۋغا ئۇرغان ماھىر سەن،
ئەل - ۋەتەننىڭ مۇھەببىتىن ئەلا بىلگەن تاھىر سەن،
ئىمتىھاندا تېنىمىگەن ھازىر جاۋاب شائىر سەن،
شۇڭا مەڭگۈ «جۇرئىتى» دەپ ياد ئېتىدۇ خەلقىمىز.

ئەلۋىدا، ئەي شائىر دوستۇم، بىزگە ئىدىڭ مەدەتكار،
ئەشئارلىرىڭ ئەۋلادلارغا تەۋەررۈك ھەم يادىكار،
سەن ياشايسەن ئارىمىزدا، ياد ئېتىمىز ھەر باھار،
ئوبرازىڭنى قەلبىمىزدە ساقلىغايمىز بىغۇبار،
بۇ مىسرالار چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ئەھدىمىز.

قۇربان ئىمىن

## ئەلۋىدا، شائىر!

ئەلۋىدا، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا،
ئاق كۆڭۈل دوستۇم، قەدىردان، ئەلۋىدا.
ياش ئېلىپ كەتتى سېنى نامەرد ئۆلۈم،
ياش جېنىڭغا سالدى دەھشەتلىك زۇلۇم.
كۆزلىرىدم ياش تۆكتى، يىغلار قەلبىمىم،
ناخشىغا ئايلاندى ھەسرەت - ئەلىمىم.

نەچچە رەت بىللە سەپەر قىلغان ئىدۇق،
ياخشى سورۇنلاردا تەڭ مېھمان ئىدۇق.
ئۇچرىشىپ قالساق كۆرۈشكەن قول بېرىپ،
كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ ھەم يول بېرىپ.
بىللە چۈشكەن نەچچە رەت سۈرەتكە بىز،
سۆزلىشەتتۇق ئۆزئارا ھۆرمەتتە بىز.

قالدى يادىمدا قىزىق چاقچاقلىرىڭ،
ئوينىغان دۇتاردا شوخ بارماقلىرىڭ.
روھلىناتتىم تووۋلىساڭ ناخشاڭنى سەن،
سۆزلىسەڭ چۆچەك - قىزىق داستاننى سەن.
شېئىر ئوقۇيتتىڭ شائىرانە تۇس بىلەن،
كائىنات ئاڭلايتتى زور ھەۋەس بىلەن.
شېئىرىيەت كۆكىدە سەن چولپان ئىدىڭ،
ھەم لاۋۇلداپ تۇرغۇچى گۈلخان ئىدىڭ.

سەن پەقەت ئانىمش باھارلا ياشىدىڭ،
ئەمما قالدى تۈگىمەس ناخشىلىرىڭ.
سانجىدى يىڭنە يۈرەككە شۇم خەۋەر،
شۇم خەۋەر بولدى ماڭا [illegible] خەۋەر.
چارە يوقكەن بۇ ئۆلۈمگە ھېچقاچان،
يادىكار — تۆھپەڭ ھاياتتۇر [illegible]،
سەن ياشايسەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە،
مەڭگۈ ئۆرنەكسەن شېئىرىيەت ئەھلىگە.

بولانتاي دوسجانىن (قازاق)

## تېيىپجان مەڭگۈ ئۆچمەس نام

ياڭقۇنلۇق شائىر ئىدىڭ، ئۇستاز ئىدىڭ،
ۋاقىتسىز ئولجا بولدۇڭ شۇم ئەجەلگە.
خوشلىشىپ بىزلەر بىلەن كەتتىڭ يىراق،
قاي بەدەل تەڭ كېلەركىن بۇ بەدەلگە؟

كۆكلەمنىڭ گۈللىرىدەك گۈللىگەنتىڭ،
بار ئىدى يەنە تېخى تالاي گۈللەش.
كۆزلەردىن كەتتىڭ، لېكىن كۆڭۈلدە سەن،
يات بىزگە سېنى مەڭگۈ ئۆلدى دېيىش.

ئارىلاپ قازاقلارنى رىسقىڭ تارتىپ،
كۆك قاشقا تايلارغىمۇ باتا بەردىڭ.

قەدىردان شائىر ئىدىڭ قازاققىمۇ،
قازاقتىن «ئاق»① نى قالتىس يېزىپ كەلدىڭ.

ئانا يەر قۇچىقىدا ياتساڭمۇ سەن،
كۆيلىرىڭ مەڭگۈ ئاقار مىسلى دەريا.
نامىڭنى قەدىرلەيدۇ دوستۇڭ قازاق،
ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە سەن بىر قىيا.

تېيىپجان، ياتقان يېرىڭ بولسۇن جەننەت،
تېنىڭنى چۆمكەپ ئالسۇن يېشىل ھايات.
دوستلىرىڭ، ئەۋلادلىرىڭ سۆيگەن سېنى،
ئەل سۆيگەن شائىر مەڭگۈ بىلمەس مامات!

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

## سېرىن يىغلىدى

«كۆرۈپ قالدىم بالتىق لېۋىدە،
يازنىڭ سالقىن ئايدىڭ تۈنىدە.
كىم بىلەن كىمدۇر پىچىرلىشىدۇ
گۈپۈلدەپ تۇرغان سېرىن تۆۋىدە»②

ھويلىدىكى سېرىن دەرىخى
غەمكىن بولۇپ ئەگدى بېشىنى.
خۇددى كۆزنىڭ يامغۇرى كەبى
تۆكتى كۆزدىن دەردلىك يېشىنى.

كۆيدۈردىمۇ قەلبىنى ئاتەش،
قاپلىدى ھور ئۇنىڭ شېخىنى.
پارە-پارە بولۇپ ۋۇجۇدى،
قوۋزاقلىرى سۈردى بېخىنى.

دېمىدۇ سېرىن «ياپسام گۈلۈمنى،
كىم ھىدلىغاي ئۇنىڭ ھىدىنى؟
تا كەچكىچە تۆۋىدىن كەتمەي
كىم قاتىدۇ ئەمدى كۈيىنى؟»

① تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئاق» ناملىق شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «سېرىن تۆۋىدە» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

كەلدى باھار، كۆلمىدى سىردن،
يۈرىكى قان بولۇپ يىغلىدى.

كۆيچىسىنى يوقاتقان سىردن
يۈرىكىمنى دەردتە تىغلىدى.

ئابدۇسالام توختى

## مەرسىيە

«جۇرئىتى» ئالەمدىن ئۆتكەننى ئاڭلاپ،
تۆكۈلدى تاراملاپ قايناق يېشىمىز.
ئەڭ ئېغىر قايغۇ ۋە ھەسرەت ئىچىدە،
ئېگىلدى ماتەمدە يەرگە بېشىمىز.

ئاھ! دېدۇق، ئاھىمىز يەتتى پەلەككە،
ياش تۆكتى بىز بىلەن بىللە كەڭ ئاسمان.
ئازابلىق تولغاندى تارىم ۋە ئىلى،
مۇسىبەت ئىلكىدە قالدى تىيانشان...

ئۇ ئىدى ئاجايىپ خۇشناۋا بۇلبۇل،
گۈلىستان باغلارنى ئاۋات ئەيلىگەن.
ئۇ ئىدى ھەر باھار، ھەر تاڭدا سايراپ،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى زەپ شاد ئەيلىگەن.

ئۇ ئىدى بىر ئۆمۈر ۋەتەننى كۈيلەپ،
ئەل ئۈچۈن ياشىغان شائىر-غەزەلخان.

ئۇ ئىدى ئەجدادكار قوشۇن سەردارى،
شېئىرىيەت كۆكىدە چاقنىغان چولپان.

ئاھ، كۆچتى ئاسماندىن شۇ نۇرلۇق يۇلتۇز،
ئاھ، ئەبەد كۆز يۇمدى بۈيۈك بىر ئىنسان.
لېكىن ئۇ تاغ كەبى تۆھپىسى بىلەن
ياشايدۇ خەلقىمىز قەلبىدە ھامان.

ئۇ ئىجاد ېىغىغا تىكلىدى مەزمۇت
ھەيۋەتلىك، قىممەتلىك بىر ئالتۇن مۇنار.
ئۇ «مەڭگۈ تاشلار» دەك خاتىرە بولۇپ،
شائىرنى ئەبەدكە ئەسلىتىپ تۇرار.

ئەلۋىدا!
تىنچ يېتىڭ، قەدىردان ئۇستاز،
خەلقىمىزنىڭ ئوت يۈرەك ئىسىل ئوغلانى.
ماڭىدۇ ئەۋلادلار ئىزىڭىز بىلەن،
گۈللەيدۇ ئېخىمۇ سەنئەت بوستانى.

مەمتىلى زۇنۇن

## جۇدالىق نەزمىسى

ئەھلى يۇرتۇم كۆيچى ئوغلاندىن جۇدا،
ئەركسۆيەر غەيۇر غەزەلدىن جۇدا:

«تۆگىمەس ناخشا»— غەزەللەر ئاسمىنى
پارلىغان، نۇرانە چولپاندىن جۇدا.

زەر قەلەم تۇتقان بۈيۈك كارۋان بۈگۈن
قەلبى ئاتەش تۇغچى مەرداندىن جۇدا.

مەن كەبى كۆر مىڭ تەلەپكار ئىز باسار
بىر يېتۈك ئۇستاز قەدىرداندىن جۇدا.

ئالدى جان-جىسمىمنى ھىجران ئىلكىگە،
مەن بۇ ھىجران ئىچرە دەرماندىن جۇدا.

چۈنكى جان-جىسمىمدا ئەجرى-مېھنىتى،
ئاھ نېتەي، مەن شۇ كۆيۈمچاندىن جۇدا!...

ۋادەرىغا، ئەلنى تەرسا-كاج پەلەك
ئەيلىدى شائىر تېپىمچاندىن جۇدا.

تۆھپىكارنىڭ تۆھپە-ئىنئامى ھامان
بولمىغاي يۈكسەك شەرەپشاندىن جۇدا.

قىلمىغاي ئىنكار بۈنىڭ ئىنئامىنى
بولمىسا كىم پەزلى، ۋىجداندىن جۇدا.

## پەخىرلەن

تىكىلدىم قەلب كۆزى بىرلە ساناقسىز شام، سەھەرلەرگە،
سەھەر-ئاخشام ۋۇجۇدۇمدىن تۆكۈلگەن قانۇ-تەرلەرگە.
ئېقىن دەريا كەبى ئىلھام تومۇرۇمدا ياساپ ئۆركەش،
غۇبارسىز ئاق ۋاراقلارنى كۆمۈپ ئۆتتى گۆھەرلەرگە.
لاۋۇلداپ ياندى ھەر گۆھەر-غەزەللەر باغرىدىن بىر ئوت،
ھارارەت بەخش ئېتىپ ئارمان يولىدا جان بېرەرلەرگە.
ئىچىدە نەشتىرى بارنىڭ تىلىدىن ھەر نىمە ئاقتى،
لېكىن بەن قىلىمىدىك پەرۋا بۇ كاززاپ «دورىگەر» لەرگە.
يۈرەكتىن ئۇرغۇغان پۈتمەس «تۈگىمەس ناخشا» ــ داستانىڭ
سەپەرۋەر قىلدى مەردلەرنى سەپەر ئۈززە زەپەرلەرگە.
ئوغۇزخان نەسلى مىڭ رازى كۆمۈلمەس تۆھپە-ئەجرىڭدىن،
باھاسى يوق تەۋەررۇك ئۇ ۋەتەن، مىللەتسۆيەرلەرگە.
پەخىرلەن، تۆھپىكار نازىم، ئۆمۈر مەھسۇلى نەزمەڭنىڭ
تېگىشمەس زىر-زەۋەرىنى نەسىللەر ئۈنچە-زەرلەرگە.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى

## يىغلىدى ئۆكسۈپ سەنئەت دۇنياسى

ئاھ، تاغ يىقىلدى!
شېئىرىيەتنىڭ بىر تېغى يىقىلدى.
غۇنچە، گۈللەرنىڭ كىرپىكىدە نەم،
يىغلىدى ئۆكسۈپ سەنئەت دۇنياسى.
ھېسسىياتلار سولغۇن،
مىسرالارغا قارىلىق تېگىلدى،
شېئىرىيەت بېغىمىزدا ۋاقىتسىز گۈگۈم،
خىرە دەپ قالدىمۇ نەزىم قۇياشى.
ياق!
شائىر ئۆلمەيدۇ!
تېيىپجان ئۆلمەس!
ۋۇجۇدى لەھەتتە،
شۆھرىتى ياشار قەلبتە.

يىللار لاتقىسى ئۇنى كۆمەلمەس،
ھايات ئۇ
ھەر مىسرا، ھەر بىر ھەرپتە.
ئۇنىڭ نامى
ئىلىدا، يالۇجياڭدا،
تەيشەنۇ، تەيخاڭشەندە
ھەر دەريا، ھەر بىر تاغدا
تۇرىدۇ چولپاندەك
چاقناپ-نۇرلۇنۇپ.
ھاياتى،
ئىجادى،
خىسلىتى ئەبەت
ياگرايدۇ تۈگىمەس بىر ناخشا بولۇپ.

ۋەخدەت تۇردى

## سەن قويغان قەلەمنى مىڭلار قولىغا ئالىدۇ

(مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھەققىدە ئوچېرك)

«ھەممە سۆزدىن ئالدۇق نەپ-مەنپەئەت،
ئېيتىمدۇ يەر-جاھان ئۇنىڭغا رەھمەت.
قارىغىن، ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسە
تارقالدى كەڭ ئاۋام ئىچىگە ئەبەت.
ئۇ گويا نۇرلىنىپ ئاققان بىر يۇلتۇز،
ھە، بۇ نۇر چاقنايدۇ، ئۆچمەيدۇ ئەبەت.»

(گېيوتېنىڭ شىللېر ۋاپاتىدا ئوقۇغان مەرسىيىسى)

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بىز بىلەن مەڭگۇ ۋىدالاشتى. ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز ئاققان ئاقار يۇلتۇزدەك، ئارىمىزدىن بىمەھەل كەتتى.

ئۇ راستىنلا ئارىمىزدىن مەڭگۇ كەتتىمۇ؟! ياق، ئۇنىڭ قىرىق بەش يىللىق ئىجادقا تولغان يالقۇنلۇق ھاياتى، كۆز ئالدىمىزدا چاقناپ تۇرغان شۆھرەتلىك شېئىرلىرى، مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى ھەرگىزمۇ ئارىمىزدىن كەتكىنى يوق، مەڭگۇ كەتمەيدۇ!

ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى «ئۆلۈم» دېگەن ئاشۇ شۇم سۆز بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ھامان «تۈگىمەس ناخشا» نى يازغان ۋاقىتتىكى جۇشقۇنلۇق تېيىپجان ياكى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» نى يازغاندىكى مەردانە تېيىپجان ۋە ياكى «ئەزرائىل ئالدىدا» نى يازغان ۋاقىتتىكى ئۆلمەس تېيىپجان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۆلۈم ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى. بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بارلىق سەپداشلىرىنى، تونۇش-بىلىشلىرىنى، شاگىرت ۋە ئىخلاسمەنلىرىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. ھەممەيلەن

www.uyghurkitap.com

لەن ئەمدى ئۇنىڭ مەردانە، خۇش چاقچاق ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، راۋان، ھېسسىياتلىق يېڭى شېئىرلىرىنى ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۈگۈنكى ئاشۇ قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك كۈنلەردە، ئۇستاز شائىر توغرىسىدىكى بەزى ئەسلىمە، خاتىرىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قايتىدىن بىرمۇبىر نامايان بولۇشقا باشلىدى...

مەن شائىر بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوقۇلۇقلارغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق تونۇشقانىدىم. بالىلىق ۋاقىتتىكى تەسىرات ناھايىتى چوڭقۇر ھەمدە ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ. شۇ چاغلاردا شائىرنىڭ «كۆز ئاخشىمى»، «ناخشاڭ بىلەن»، «كۆكلەم جىلۋىسى» قاتارلىق جۇشقۇن، يەڭگىل شېئىرلىرى بىلەن «ت. ئېلىيېۋ» دېگەن يېقىملىق نامى ئاۋۋال تىلىمىزغا، ئاندىن دىلىمىزغا رام بولۇپ قالغانىدى.

تىل — دىلنىڭ ئەينىكى، دىل — روھنىڭ ئەينىكى، دېگەن گەپ بار. مەن ئەنە شۇ ئەينەك ئارقىلىق شائىرنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىرخىل غايىبانە ئېتىقاد باغلىغانىدىم.

يىللار ئۆتتى، كېيىن مەن ئوقۇش بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بۇ چاغدا شائىرنىڭ بېشىغا «كۈن» چۈشۈپ، تۇرپانغا پالانغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆرۈش ۋە ئاددىي ھەۋەسكار سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن كېيىنكى تەقدىرىمدە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ، شائىر ئىشلىگەن ئىدارىگە خىزمەتكە كەلدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى يارالغانىدى. ئەپسۇسكى، مەن بۇ ئىدارىگە كېلىپلا يېزىغا — سوتسىيالىستىك لۇشيەن تەربىيىسى ھەرىكىتىگە كېتىپ قالدىم. مەن يېزىدىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىدى. شائىرمۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇلدى. مەن شۇ چاغدىلا قەلبىمدىكى بۇ مەشھۇر ئادەم بىلەن ھەقىقىي كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. لېكىن مېنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشۈم تولىمۇ غەلىتە — «ئىنقىلابىي ئامما» بىلەن «قارا گېزەندە»نىڭ كۆرۈشۈشى بولدى...

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىگە مەلۇم، شائىرنىڭ بېشىدىكى قالپاقلار بارغانسېرى كۆپەيدى، سىنىپىي چەك - چېگرا ئېنىق ئايرىلدى. شائىر «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا قوشۇندىن قوغلاپ چىقىرىلدى...

ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن ئەڭ پاجىئەلىك ئىشلار ئىدى. شائىر بىلەن گەپلىشىش، بىر يەردە تۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1970 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىدارىمىزگە ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيى بىلەن ھەربىيلەر تەشۋىقات دۈيى كېلىپ، «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدارىگە

كۆچۈرۈپ كېلىندى، بىر قىسىم ئىشخانىلار ياتاق قىلىندى. شۇ چاغدا، مەن تەقسىمات بويىچە، بىرنەچچەيلەن بىللە تېيىپجان ئېلىيوپ ياتقان ياتاقتا ياتتىم. بۇ چاغدا شائىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ نۇقتىسى ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز مەسىلە تاپشۇراتتى، تەقىپ ئاستىدا ياشايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا خۇش چاقچاق، ئۇمىدۋار ئىدى. كەچقۇرۇنلىرى ياتاقتىكى سوغۇق، جىمجىت كەيپىياتنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭـ بۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى، قىزىق ـ قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتاتتى. بەزىلىرىمىز ئىختىيارسىز كۈلەتتۇق، تەبىئىي ھالدا چاقچاقلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتۇق. كېيىن بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا بالا بولدى. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، بىر قىسىم ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى. مەنمۇ ئىلتىماس يازغانلارنىڭ بىرسى ئىدىم، لېكىن مېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلمىدى، بىرلا سەۋەب: «سىنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئەھۋالتا مېنىڭ شۇ چاغدىكى «قارا يىپ»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» تېيىپجان ئېلىيوپتىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىماي، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ھەم چاقچاقلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىمدىن ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. بۇنى تېيىپجان ئېلىيوپ سەزدى بولغاي، بىر كۈنى كەچقۇرۇن: «نېمە بولدىڭىز، بوغۇلۇپ يۈرىسىزغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن قىسقىلا قىلىپ: «تەشكىلىي مەسىلەم ھەل بولمىدى!» دەپ، ھەل بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم كۈتمىگەن يەردىن ماڭا: «مېنىڭچە، سىزدە پارتىيىگە نىسبەتەن بىرخىل ئەركىلەش بار. بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياش، ئۆزىڭىزگە قاتتىقراق تەلەپ قويۇڭ!» دېدى. بۇ گەپ ماڭا «كۆتۈرەلمىسەڭ ـ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، تېخىمۇ ئېغىر كەلدى، ئىچىمدە ئاچچىقلاندىم. كۆڭلۈمدە: «مەن قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن بىر ياش، پارتىيىگە ئەركىلىمەي كىمگە ئەركىلەيتتىم» دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە كېيىنچىرەك چۈشەندىم. شائىر مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىمنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا كۆزەتكەن ئىكەن. قارىماققا، بۇ گەپ مۇنداقلا ئېيتىلغان بىلەن، ئاستىدا چوڭقۇر بىر مەنە بار ئىدى. تېيىپجان ئاكا مەندىن پارتىيىگە تەشكىلىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى چىن نىيەت ۋە سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن كىرىشنىڭ لازىملىقىنى، ھەرگىزمۇ پارتىيە تەشكىلى، قانداق بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، مېنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى كېرەك، دەيدىغان ئەركىلىك پوزىتسىيىدە بولماسلىقنى كۈتكەن ھەم مەندىن ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئاتلىق تەلەپچانلىقنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى...

مانا شۇ ئىشلار بولۇپ، ئارىدىن توپتوغرا 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تېيىپجان ئاكا مېنى ئۆزى پارتىيىگە تونۇشتۇردى ۋە مەن ھەممە جەھەتتىن خېلى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولغان بىر پارتىيە ئەزاسىغا ئايلاندىم. بۇ ئىشلار قارىماققا كىچىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن شائىرنىڭ چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن ئوخشاشلا قاتتىق تەلەپچان

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى، پارتىيە تەشكىلىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى سۈپىتىدە شۇ چاغدىكى كىچىككىنە بىر ئىش قايتا كۆز ئالدىمغا كەلدى:

«كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىدى. بۇ چاغدا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر بىزنىڭمۇ، شائىرنىڭمۇ تەسەۋۋۇرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتتى. شائىر پارتىيىدىن قوغلاندى، خىزمەتتىن ھەيدەلدى، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ يىراق بىر يېزىسىغا سۈرگۈن قىلىندى. مانا شۇ قارار تەشكىل تەرىپىدىن رەسمىي جاكارلانغان چاغدا، شائىر خۇددى بېشىدا چاقماق چاقناندەك لەرزىگە كېلىپ، بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى ۋە يېنىدەپ تۇرۇپ: «ھەرقانداق چارە - جازالارغا رازىمەنكى، لېكىن مېنى پارتىيە قوينىدا ساقلاپ قالساڭلار!...» دەپ تەشكىلگە قايتا - قايتا يېلىندى، تېۋىندى. گەرچە ئۇنىڭ تەلىپى ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتىدىن، ئاۋازىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۆز تەشكىلىگە بولغان سەمىمىي - سادىقلىقى، «كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن بۇ نامنى ھەممىدىن مۇقەددەس، ئەلا بىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ھال كېيىنكى ۋاقىتلاردا مېنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۆزۈمنى ئوبدان تەربىيىلىشىمگە تۈرتكە ۋە ئىلھام بولغانىدى...

شۇندىن كېيىن بىرنەچچە سۆرەلمە، تەلۋە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. شائىر بىلەن 197 - يىلى قىشتا، تۇرپان سەپىرىدە يەنە بىر قېتىم ھەمسۆھبەت بولدۇم. مەرھۇم پەتتارجان مۇھەممىدى بىزنى تويىغا تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ چاغدا تېيىپجان ئاكا سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ بولماي، ئۆيىدە دىم ئېلىپ ياتقانىدى. بىز - تېيىپجان ئاكا، رەپىقىسى خەلچەم ۋە مەن كەچلىك پويىز بىلەن مېڭىپ، تاڭغا يېقىن تارلاڭ بېكىتىگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە بىزنى بىر ئېشەك ھارۋىسى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىز تۇرپان ۋادىسىغا قاراپ خۇددى كۈمۈش لېگەندەك سوزۇلۇپ ياتقان تارلاڭ ئۆستىڭىنى ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. سۇبھى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى، ھاۋا سوغۇق، تاغ تەرەپتىن ئاچچىق تاغ شامىلى چىقىپ تۇراتتى. بىز ئىسسىق جۇۋا، كۆرپىلەرگە ئورىنىپ ئالغانىدۇق. ھارۋىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشى بىلەن مېنى شېرىن ئۇيقۇ باستى، خەلچەممۇ مۈگدەپ قالغانىدى. شائىر بىزنى سەگىتتى:

— قاراڭلار سىلەرنى، جاھاننىڭ كۆزى ئەمدى ئېچىلىۋاتسا، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالغىنىڭلار نېمىسى؟! تەبىئەتنىڭ سەھەردىكى بۇ گۈزەللىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟! ئوبدان كۆرۈڭلار، ئادەمنىڭ يۈرىكى يايراپ قالىدۇ.

تېيىپجان ئاكىنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇپۇقتا قىزىرىپ كۆتۈرۈلگەن كۆركەم تاڭ شەپىقىگە، چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان مۇنبەت ۋادىغا، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئېسىل نامايەندىسى بولغان كارىزلارغا شائىرانە نەزەر، شائىرانە تەپەككۇر، شائىرانە ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتى. بىرئازدىن

كېيىن، شائىر خۇددى تەبىئەتكە خىتاب قىلغاندەك، مەردانە، يېقىملىق ئاۋازدا تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

يەتمەكلىك ئىرۇر مۇشكۇل، مەقسەتكە يېتەركىم بار،
كۆن خىرەيۇ، تۆن تىرە، ئات ئاقساق، يول تايغاق.
......

شائىر چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ جىم بولدى. مەن قىزىقىپ سورىدىم:

— ئەتىگەندىلا ئىلھام كەپتۇ - دە! ھازىرلا كۆڭلىڭىزدە يازدىڭىزغۇ دەيمەن، داۋامى باردۇ؟

ئۇ ئاستا بېشىنى چايقىدى:

— ياق، بۇ مېنىڭ ئەمەس، ناۋايىنىڭ غەزىلى...

مەن شۇ ھامان غەزەلنى كىچىككىنە خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم. بۇ قىسقىلا ئىككى مىسرا غەزەلدە شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى ھەسرىتى، ناتىۋانلىقى ۋە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى مۇجەسسەملەنگەنىدى...

بىز تۇرپاندا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ جەرياندا شائىرنىڭ مەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتى — ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر، يۈكسەك مۇھەببىتى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەندە ئۇ چاغلاردا پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بىھۇدە كۈلپەتلەرنى كۆرۈش نەتىجىسىدە ئەدەبىياتتىن سوۋۇش، ئىجادىيەتتىن يالتىيىش خاھىشى تۇغۇلغانىدى. لېكىن مەن ئەدەبىيات ئۈچۈنلا شۇنچە بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچقانداق چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى كۆرمىدىم. ئۇ كىچىككىنە ۋاقتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي ئوقۇيتتى، ئويلايتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە بولغان بىر ئىش ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ناھايىتى يېقىملىق، خۇش نەپەس بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئاستا كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، تېيىپجان ئاكا يوتقانىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، ياتقان ئورنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ياققا يېنىك تەۋرەنگىنىچە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن خىيالىمدا: «بۇ ئادەمنى كىشىلەر تېيىپ قارى دەيدىكەن، بەلكىم قۇرئان قىرائەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئوبدانىراق زەن سېلىپ، ئوقۇۋاتقان نەرسىنىڭ ئايەت ئەمەس، شېئىر ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ياستۇق ئۈستىدە كونا بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇرۇپتۇ. شائىر ئوقۇشتىن توختىغاندا، مەن تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم:

— شۇ كۈنلەردىمۇ بۇ نەرسىلەر كۆڭلىڭىزگە سىغامدۇ؟

ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ:

— شائىرنىڭ كۆڭلى دەريادەك بولۇشى كېرەك، ھەممە نەرسە سىغىمسا بولمايدۇ، پەقەت بىرلا نەرسە — ساختىلىق، يالغانچىلىق سىغماسلىقى كېرەك! — دېدى ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ئىشتىياق بىلەن داۋام قىلدى، — بۇ ئىش ماڭا خۇمار، ئوقۇ-

ىسام، يازمىسام تۇرالمايمەن. لېكىن هازىر نېمىنى يازىمەن؟ بېشىمنى قىمىرلاتسام تورۇسقا تېگىدۇ، قولۇمنى قىمىرلاتسام تامغا تېگىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ياخشىسى، هازىرچە ئوقۇپ تۇراي، هامان يازىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، شۇڭغىچە ئوقۇپ، تولايىغە قىلىپ تۇراي، ياخشى كىتاب ئادەمگە قانات بېغىشلايدۇ، بۇمۇ خۇددى پ... تۇر- غاندەكلا ئىش!...

بۇ سۆز خۇددى ماڭىلا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك، يۈرىكىمگە قاتتىق تېگىپ قىلدى. مەن يازغۇچى بولىمەن، دەپ يۈرگەن بىر هەۋەسكار بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭدەك بىياتقا، هاياتقا، ئۆگىنىشكە بولغان مۇهەببىتىمنىڭ ئۇنچىلىك كۈچلۈك، مۇستەهكەم ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئىچىمدە قاتتىق خىجىل بولدۇم. خىجىللىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، نەزەرىمنى شائىرنىڭ قولىدىكى كىتابقا ئاغدۇردۇم:

— بۇ قايسى كىتاب؟ كونا كىتابتەك قىلىدىغۇ؟

— هە، كونا كىتاب، ناۋايىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» دېگەن دىۋانىنىڭ «غەرا- يىبۇس - سىغار» («ياشلىق هۆنەرلىرى») ناملىق بىرىنچى كىتابى،— دېدى شائىر ۋە بىر- دىنلا جانلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى،— بۇنىڭدىكى غەزەللەر ناهايىتى چىرايلىق، لىرىك يېزىلغان. شەكلىمۇ خىلمۇخىل. مۇشۇ بىر دىۋاندىلا ئارۇز ۋەزنىنىڭ «هەزەج بەهرى»، «رەجەز بەهرى»، «رەمەل بەهرى» قاتارلىق توققۇز بەهرى قوللىنىلغان. ئاڭلاپ بېقىڭ، مەن سىزگە بىرىنچى غەزىلىنى ئوقۇپ بېرەي:

ئەشرەقەتمەن، ئەكسى شەمسىل، كەئسى ئەنۋارۇل هۇدا،
يارى ئەكسىن مەيدە كۆردەپ، جامىدىن چىقتى سادا.

بۇنى نەسىر بويىچە يەشسەك مۇنداق بولىدۇ:

هىدايەتنىڭ نۇرى قەدەھ ئىچىدە قۇياشتەك ئەكس ئېتىپ چىقتى،
يارىڭنىڭ جامالىنى مۇشۇ يەردە كۆرگىن دەپ جامدىن سادا چىقتى!

بىز كىچىك چاغلاردا موللاملار ئۆگەتكەن بۇ غەزەلنى باللار بىلەن ئاهاڭغا كەلتۈرۈپ مۇنداق يادلايتتۇق:

ئەشرە قەتمەن، ئەسكى كەتمەن، پالتا - گۈرجەك، لاخشىگىر،
ئالتە تىيىنغا ئاڭگا ئالدىم، يەتتە تىيىنغا مۇشىگىر.

هەر ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شائىر باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ ناهايىتى هۇزۇرلانغانىدى. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ چاغدا بەزى تالىپلار ناۋايىنى قارىسىغا يادلاۋېرىپ، مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئاخىر زېرىككەنلىكىدىن ئۇ زات توغرىسىدا مۇنداق بېيىتلارنى توقۇشاتتى:

ئەي ناۋايى خام قاپاق، قايماق سېتىپ جېنىڭنى باق!

......

شائىر يەنە هۇزۇرلىنىپ كۈلدى، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭغا دىلكەشلىك، ئازادلىق، ئاراملىق بېغىشلىغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىۋېتىپ، يەنە شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆز باشلىدى:

— كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز شەكىلگە بەكمۇ باي، بىز تېخى ئۇنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنىمۇ ئۆگىنىپ بولالمىدۇق. مەدرىستىكى تالىپلار ئارىسىدا «مۇئەممما» كەڭ تارقالغان. بۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى تېپىشماق شەكلى بولۇپ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، تىلنى راۋانلاشتۇرۇشتا بەك مۇھىم. مەن سىزگە بىرنى ئوقۇپ بېرەي، تېپىپ بېقىڭ:

موللىنىڭ بېشىنى كەس، مامات بولسۇن،
قەبرى ئارا كۆمگىن ئۇنى، هايات بولسۇن.

......

مېنىڭ بۇنداق شەكىلدىكى شېئىرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى، شۇڭا، دەماللىققا ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىدىم. ئاخىر تېيىپجان ئاكا ئۆزى يېشىپ بەردى:

— بۇ ئىككى مىسرا بېيىتتىن «قەمبەر» دېگەن ئىسىم چىقىدۇ. بۇ كونىچە «قمبر» دەپ يېزىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئورۇندىن قوپقىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان قىسقىچە سۆھبىتىمىز مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بېشىدىن شۇنچە ئېغىر قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ كۈنلەردىمۇ قاتمۇ قات روھىي كىشەنلەردىن تېخى تولۇق قۇتۇلمىغان شائىرنىڭ شۇنچە جۇشقۇن، ئۈمىدۋار ھەم خۇش چاقچاقلىقى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۈلكە بىلەن كۆتۈۋالالايدىغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان، بەختسىزلىك ئىچىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت تاپالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم...

تۇرپاندا بولغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شائىر ئۇ يەرنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا ئايلاندى. ئوقۇتقۇچىلار، ئارتىسلار، ھەۋەسكارلار ئۇنى تاۋاپ قىلغاندەك قىزغىن قارشى ئالدى. شائىرنىڭ ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي، ئاممىۋى ئاساسى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغۇدەك چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ يالغۇز زىيالىيلار ئىچىدىلا ئەمەس، ئاددىي پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئابرويى چوڭ ئىدى، دېھقانلاردىن سىرداش - ئۈلپەتلىرى بار ئىدى...

* *

سەمىمىيەت — دۇنيادىكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

شائىر تېيىپجان ئادەملەرگە سەمىمىي ئىدى، سەمىمىي مۇناسىۋەت قىلاتتى، كۆڭلى تۈز، ئوچۇق - يورۇق ئىدى، كۆڭلىدە نېمە بولسا ئېيتىۋېرەتتى ھەم باشقىلاردىنمۇ شۇنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

1985 - يىلى شائىر تەھرىر بۆلۈمىگە بىر تۈركۈم شېئىر بەردى. شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىرلەر قولمۇقول كۆرۈپ، ئاخىرىدا مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا سۇندى. قارىسام، بەزى شېئىرلارغا تەھرىرلەرنىڭ پىكىرلىرى باردەك قىلاتتى. مەنمۇ قايتا - قايتا ئوقۇپ، سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئىككى پارچە شېئىر ماڭىمۇ سەل بوشراق

www.uyghurkitap.com

كۆرۈندى. ئەتىسى شائىر تۇيۇقسىز بىر ئىش بىلەن ئىشخانىمىزغا كىرىپ قالدى. مەن شۇ ھامان شېئىرلار توغرىسىدا سۆز ئاچتىم:

— تېيىپجان ئاكا، شېئىرلىرىڭىزنى ھەممىمىز قىزىقىپ ئوقۇۋاتىمىز، لېكىن ئىككى پارچە شېئىرىڭىزنى بويىڭىز بىلەن ئۆلچىسەك سەل - پەل پاكارداك تۇيۇلىدۇ. قانداق قىلساق بولار؟

— قانداق قىلاتتىڭىز، — دېدى ئۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، — بويۇم [illegible] تەك كەلگىنىنى بېرىسىز، پاكار بولۇپ قالغانلىرى قېلىۋەرمەمدۇ! تەھرىرلەرگە قوۋۇق، نامدارلارنىڭ شېئىرلىرى كەلسە ئۇنچە قورۇنۇپ كەتمىسۇن، ھەممەيلەنگە ئوخشاش كۆزدە قارىسا بولىۋېرىدۇ. بىزمۇ ئەۋلىيا ئەمەس، يازغانلىرىمىزدا ھامان ئۇنداق - مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ...

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئەزەلدىن يولسىز تەلەپلەرنى قويغان ئەمەس. تەھرىرلەرنى ھەمىشە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا ئارىلاشمايتتى، پىكىرلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلاتتى. ئۇ ئىجادىيەتتە سەمىمىي، تەلەپچان ئىدى. ئەسەرلىرىگە خۇددى ھيوگونىڭ: «شائىرنىڭ تەبىئەتتىن ئىبارەت بىر ئۈلگىسى ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت بىر يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتمەستىن، بەلكى ئىجادىيەت ئۈستىدە زېھنىنى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى كېرەك» دېگىنىدەك تەلەپ بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ھەربىر شېئىرىدىن يېڭىلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، پىكرى يېڭى، شەكلى يېڭى ئىدى، ئۇنىڭ ھەقىقىتى — چىنلىق ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا:

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر — يۈرىكىم، مىسرالار — تومۇر،
ھەرپلەر — قېنىم، ۋەزىنلەر — نەپەس!

دېگەن ئەقىدىسىنى، لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇردى.

شائىر يالغۇز ئۆزىگىلا تەلەپچان بولۇپ قالماي، باشقىلارغىمۇ ئوخشاشلا تەلەپچان ھەم كۆيۈمچان ئىدى. ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ھەر نەتىجىدىن خۇشاللىناتتى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ نەتىجىسىدىن، يۈكسىلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلىنەتتى. شۇ يىللاردا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىققان بىر تۈركۈم جۇشقۇن، ئۈمىدلىك، ئىقتىدارلىق ياشلار شائىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ھاياجانلىنىپ، تەسىرلىنىپ سۆزلەيتتى. كېيىنچە سۆز بىلەن قالماي، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يۈكسەك باھالىدى، ئوبزورلار يېزىپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى، يېتەكلىدى.

مەسىلەن، 1984 - يىلى ياش شائىر ئەركىن ئىبراھىمنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى توغرىسىدا «نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى» ناملىق ئوبزور

يېزىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلدۇردى. ياش شائىرە گۈلباھار مەمتىمىننىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرى توغرىسىدىمۇ تەھرىر بۆلۈمدە تەسىراتىنى سۆزلەپ، بۇنداق ئۈمىدلىك ياشلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش، ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن ئالاقىلىشىپ، داۋاملىق ئىلھام بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ تۇردى.

كېيىنكى يىللاردا مەن شائىر بىلەن بىر قورۇدا ياشىدىم. ھەممىشە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. ئۇ قورۇدىكى كىچىككىنە باغچىمىزنىڭ غەمخور باغۋىنى ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە چىقىۋېلىپ، گۈللەرنى پەرۋىش قىلاتتى، ياۋا ئوتلارنى يۇلاتتى، دەل - دەرەخلەرنى سۇغىراتتى. ئۇنىڭ قولى ئىشتىن بوشىغان چاغلاردا بىز ھايات توغرىسىدا، ئەدەبىيات توغرىسىدا ۋە ھەرخىل يېڭىلىقلار توغرىسىدا كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشاتتۇق. بىر كۈنى تېيىپجان ئاكا ماڭا شۇ چاغلاردا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ئاز - تولا ئىنكاس قوزغىغان «خەير - خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ناملىق ھېكايەم توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى:

— ھېكايىڭىزنى دەسلەپ كۆرمەپتىكەنمەن، جەمئىيەتتىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ قىزىقىپ ئوقۇپ باقتىم. ھەقىقەتەن مېنىمۇ قىزىقتۇردى. ھاياتقا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپسىز. ئاڭلىسام، بەزىلەر ئۆزىگە ئەپكەتكەن ئوخشايدۇ، بۇمۇ ياخشى بولغىنى، بىر ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ياكى ئېچىشتۇرمىسا، ياكى قىچىشتۇرمىسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى نېمە دېيىش كېرەك؟! مېنىڭچە، كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا، خۇددى قىچىشقان يەردە بۇرگە بار دېگەندەك گەپ بولىدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، تېيىپجان ئاكا، — دېدىم مەن شۇ چاغلاردا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بەزى ئادەملەر ئۆزىنى قويالماي قاپتۇ، ھېكايە ئۈستىدىن خېلى - خېلى يەرلەرگىچە ئەرز - شىكايەت قىلىپ، خۇددى مېنى بىر نەرسە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىش قىلىشىۋېتىپتۇ!...

— قولىدىن كەلسە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سىزنى سوت مەيدانىغا بىر تارتىپ چىقارسا ياخشى بولاتتى! — دېدى شائىر بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ، — شۇ چاغدا مانا بىز ئاقلىغۇچى بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان، ئىدىيىسى كوتا قېلىپتىكى ئاشۇنداق قاتمال ئادەملەر بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشەتتۇق! بىر يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاشۇنداق رەزىل ئىللەتلەرنىمۇ پاش قىلىپ يازالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانى دېگىلى بولىدۇ؟! مەيلى، ئايرىم ئادەملەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، سىز ئالدى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدىڭىز، پارتىيىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش يولىدا دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتتىڭىز، ھەقىقەت سىز تەرەپتە!

شۇ كۈنى قەدىردان ئۇستاز ماڭا ئالەمچە ھېسداشلىق قىلدى، ئىلھام بەردى، مەدەتكار بولدى. ئىجادىيىتىمدە قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەت ئۇنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرگەن، خۇشال قىلغان ۋە ئۈمىدلەندۈرگەنىدى...

قىسقىسى، مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنى ئۆستۈرۈش—

شائىرنىڭ ھەردەملىك خىيالى، ئارزۇسى ۋە پائالىيىتىنىڭ نۇقتىسى ئىدى. بۇ يولدا تاشلانغان ھەر بىر قەدەم ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئەدەبىي ھاياتىمىزدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر يېڭىلىقمۇ شائىرنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇراتتى، خۇشال قىلاتتى. 1988 - يىلى 6 - ئايدا مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئەتىسى تېيىپجان ئاكا قورۇدا مېنى چاقىرىپ:

— سىزنىڭچە، تۈنۈگۈنكى تەزىيە يىغىنى قانداقراق بولدى؟ — دەپ سورىدى. قارىسام، شائىرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپى چاغ ئىدى.

— ياخشى بولدى، — دېدىم مەن ئەينەن تەسىراتىمنى سۆزلەپ، — ھەرھالدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئېتىبارى بارلىقىغا بۈگۈن خېلى ئىشەندىم...

— يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار، — دېدى شائىر چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ بولسىمۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسى. تۈنۈگۈن كۆردىڭىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە مەسئۇللىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى، بىز بىلەن بىللە كۆز يېشى قىلدى. بۇنىڭ خەلققە ۋە سىرتقا بولغان تەسىرى كىچىك ئەمەس. بايا ئابلىز نازىرى بىلەن دېيىشتۇق. سىز مۇشۇ ھەقتە ھېرىنسە — نەسىر بولامدۇ، خاتىرە بولامدۇ — يازسىڭىز قانداق؟ بۇ ئىش گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنسا، ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان بۇنداق چوڭ غەمخورلۇقىنى، ئېتىبارىنى ھەممەيلەننىڭ كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى ياخشى...

دەرۋەقە، ئۇ كۈنكى يىغىن ھەقىقەتەنمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنىدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شۇجىسى، رەئىسلىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى. ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى مەرھۇمنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى نازىر ياكى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك بولمىغاچقا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەزىيە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، يولداش سۇڭ خەنلياڭ جىددىي ھالدا: «يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بۇنداق دەرىجە ئايرىمىسى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ياراتقان ئىجادىي مېۋىسى، خەلق ئىچىدىكى ھۆرمىتى بىلەن ئۆلچەش كېرەك، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى خەلق بېرىدۇ» دېگەنىدى. بۇ سۆز يالغۇز مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىغىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى بىر پارتىيە رەھبىرىنىڭ پۈتۈن يازغۇچى، شائىرلارغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى ۋە قىزغىن ئۈمىدى ئىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ شۇ كۈندىكى تەزىيە يىغىنىدىن ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات ئالغان ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى...

بۇ ئىش خېلى ئۇزۇنغىچە شائىرنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلمىدى. 1988 - يىلى 8 - ئايدا، مەن شائىر بىلەن بىللە مەملىكەت بويىچە غۇلجىدا ئېچىلىدىغان ئەدەبىي تەرجىمانلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. بىر مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن

ئۇ مەندىن شۇ ئىشنى يەنە سورىدى:

— ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدىكى نەرسىنى قانداق قىلغانتىڭىز؟

مەن خىجىللىقىمنى بىلدۈردۈم:

— شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا دەرھال بىر ئىش قىلماپتىمەن، كېيىن ئۇ توغرىدىكى تەسىراتلار ئاستا-ئاستا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىلھام كەلمەي قويدى...

ئەھۋال راستىنلا شۇنداق ئىدى. شائىر ماڭا بۇ ئىشنى ئېيتقان چاغدا، قولۇمدا باشقا بىر ئىش بولغاچقا، دەماللىققا گىرەلەشتۈرۈپ كېتەلمىدىم، كېيىنچە تەسىراتلار سۇسلىشىپ، ئىلھام قېچىپ كەتكەنىدى.

تېيىپجان ئاكا بىرئاز ئەپسۇسلانغاندەك بولدى:

— بىز بەزى ئىشلارنى بەكمۇ سەل چاغلايمىز، بەزىدە ناھايىتى ئاددىي ئىشلاردىن چوڭ ھەقىقەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاشۇ كۈنكى يىغىن گەرچە يىغا-زارىغا تولغان تەزىيە يىغىنى بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ھاياتىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان، ئۈمىدلەندۈرىدىغان يىغىن بولغانىدى...

ئۇ بىر پەس جىم بولدى، چىرايىمۇ غەمكىنلىشىپ قالغانىدى. كېيىن يەنە كەيپىياتىنى توغرىلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ كۈنى سۇڭ خەنلياڭ شۇجىنىڭ ئېيتقان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ناھايىتى جايىدا بولدى. ھەقىقەتەنمۇ يازغۇچى، شائىر دېگەن ناھايىتى شۆھرەتلىك، ئۇلۇغ نام. ئۇنى ھەر قانداق دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەخلاقنىڭ سىمۋولى. ئەجدادلارنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئىلىم-پەن دۇردانىلىرى ئاشۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئۇلۇغ نامنىڭ ھۆددىسىدىن قانچىلىك چىقتۇق؟ مەن تېخى بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۆزىنى يازغۇچى، شائىر دەپ ئاتىغان ھەر بىر ئادەم، ئەلۋەتتە، بۇ نامغا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ كېلىش-كەلمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك!

مەن شائىرنىڭ قەلبىدە ئاشۇ تەزىيە يىغىنى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان پىكىرلەرنىڭ ئۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى ئانچە ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمەن. شائىر بۇنى ئەدەبىياتىمىز بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئەدىب بىلەن رەھبەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن ۋە ئويلىغان ئىكەن. شۇ چاغدىلا مەن ئاشۇ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدا بىرەر پارچە نەرسە يېزىپ ئېلان قىلمىغانلىقىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم...

غۇلجا سەپىرىدە يەنە نۇرغۇنلىغان سۆھبەتلەر بولدى، ئۇنىڭ ھەممىسى ھايات ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئىدى...

تېيىپجان ئاكا تالانتلىق، شۆھرەتلىك شائىر بولۇپلا قالماي، يەنە زوقمەن كىتابخان ئىدى. ئۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنى ئوقۇپ، تەتقىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلەرنى قويماي ئوقۇيتتى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى

ئۇچۇق - ئاشكارا ئېيتاتتى. دەل شۇ قېتىم ئۇ ماڭا يېڭىلا نەشىردىن چىققان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

— رومانىڭىزنى نەنسەندە دەم ئېلىۋېتىپ ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا ياقتى. تۇنجى يىرىك ئەسىرىڭىز بولۇشىغا قارىماي، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ، بۇ مەقسەتتە ئابلىز نازىرى بىلەنمۇ پىكىر ئالماشتۇردۇق. بەزى بابلارىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. رومانىڭىزدا مەن ئاڭلىمىغان 32 سۆز بار ئىكەن، ئاستىغا سىزىپ قويدۇم. گەرچە ئۇ يەرلىك سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىدۇ. تىل جەھەتتە خېلى ئىزدىنىپ ئىجىر قىلىپسىز. ئەلۋەتتە بەزى يەرلەرگە پىكىرىممۇ چىقتى. بۇ ھەقتە كېيىنرەك سىزگە تەپسىلىي بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە تەسىراتلىرىمنى بىلدۈرۈشنى نىيىتىم بار، ئۇنى شۇ چاغدا كۆرۈپ باقارسىز. ھازىر سىزگە ئېيتىدىغىنىم: تۇنجى قەدەمنى ئەمدى باستىڭىز، مەغرۇرلۇقتىن، كىبىردىن ساقلىنىڭ. ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ جەھەتتىن كېتىپ قالىدۇ. مەندىمۇ بۇنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بار. ئۆزىنى ھەممىشە ئۇنچە - مارجانلارغا ئوخشىتىدىغان ئادەم جەزمەن كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ، شۇڭا غادىيىشنى، ئۆزىنى ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بىر روھىي ئىللەت، ياشلار، بولۇپمۇ سىلەر ئوتتۇرا ياشلىقلار بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئادەم كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغانغا كىچىكلەپ كەتمەيدۇ! بۇ جەھەتتە، زۇنۇنكام بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز، ئۇ كىچىك پېئىل، پەزىلەتلىك ئادەم، بىز ئۇنى دورىيالماي كېتىۋاتىمىز!...

كۆيۈمچان ئۇستازنىڭ ئاشۇ قېتىمقى يېقىملىق سۆزلىرى، قىزغىن ئۈمىدى، ئۇلۇغ ئادەملەرگە خاس سەمىمىي نەسىھىتى ھازىرغىچە قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ راستىنلا ئۆزى ئېيتقاندەك، غۇلجىدىكى يىغىندىن قايتىپ كېلىپلا بېيجىڭدىكى يىغىنغا بېرىشنىڭ ھارپىسىدىكى بىر جىددىي پەيتتە رومانىم توغرىسىدىكى خەتنى يازدى. بۇ خەت ئۇنىڭ 45 يىللىق يالقۇنلۇق ئىجادىي ھاياتىدىكى ئاخىرقى تەۋەررۈك ئەسەر بولۇپ قالدى. بۇ مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ شانلىق بىر يالداما بولۇپ قالغۇسى!

* *

«ئۇلۇغ ئادەم ھەممىشە بالىدۇر. ئۇ جان ئۈزۈۋېتىپ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بالىلىقىنى قالدۇرىدۇ.»

بۇ ئاتاقلىق ھىندى يازغۇچىسى تاگورنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاگورنىڭ ئەنە شۇ سۆزىگە ئاھاڭداش بولدى، كىشىلەرگە قەلبىنىڭ سەبىي ۋە پاك يەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى...

1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەن شائىرنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا چىقتىم. بۇ چاغدا ئاتاقلىق تىلشۇناس، يازغۇچى، شائىرلاردىن ئىبراھىم مۇتىئىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە شوكۇر يالقىنلارمۇ دوختۇرخانىغا چىققان ئىكەن. بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پىكرى، گەپ - سۆزى ۋە

سەزگۈسى تېخى روشەن ئىدى. ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ، ھەممەيلەن بىلەن تىنچلىق
سوراشتى. خىيالىدا كىملەرگىدۇ يەنە بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلغۇسى، قىزىق - قىزىق
گەپلەر بىلەن كۈلدۈرگۈسى باردەك قىلاتتى - يۇ، لېكىن ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ
دېيىشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ شائىر سەپداشلىرىغا كۆڭلىگە پۈككەن گەپ-
لىرىنى، يۈرىكىدىكى ئاخىرقى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئالدىرىماي، دانىمۇ دانە سۆزلەشكە
باشلىدى:

— سىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالغىنىمغا خۇشالمەن... بۇنداق چاغلاردا يۈرەكتىكى
سۆزلەر كۆپ بولىدىكەن... ئايرىم - ئايرىم سىردىشىپ، بۇرۇن كۆڭلۈڭلەرنى چېكىپ قوي-
غان يەرلىرىم بولسا يېشىۋېتەي دېۋىدىم... ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن... مەندىن ئۆت-
كەن ئىشلار بولسا رازى بولۇڭلار... شۈكۈر ئاكا، سىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىم كۆپ،
كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ... ئىبراھىم ئاكا، سىز بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشالمىدۇق،
بولمىسا ئەدەبىي تىلىمىز توغرىسىدا ياخشى كىتابلارنى يېزىپ بېرەتتىكىز... ئۆتكۈر
بىلەن كۆپ سىرداش بولالمىدىم... ئەپۇ قىلىڭلار، رازى بولۇڭلار...

شائىرنىڭ كۆزى ياشقا تولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ چىقىۋاتقان ئاخىرقى
ئىسسىق ياشلىرى تاتارغان، ئومچەيگەن يۈزىنى بويلاپ ئۆزۈلمەي ئاقتى. باشقىلارنىڭ-
مۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇنى ئېغىر قايغۇ باستى. ئەگەر بۇ ھالەت ئۇزاقراق داۋام
قىلسا، شائىرنىڭ كېسىلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئىبراھىم
مۇتىئى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، شائىرغا تەسەللى بەردى:

— كۆڭلۈڭلەرنى بۇزماڭلار، ئاداش، شائىر دېگەن ئۈمىدۋار بولىدۇ، ئۆلسەكمۇ
ناخشا توۋلاپ كېتىمىز. ئابدۇللا توقاينىڭ ھېلىقى شېئىرى ئېسىڭلاردا يوقمۇ؟ مەن
سىلەرگە ئۆز پېتى ئوقۇپ بېرەي:

جىرلى، جىرلى ئۆلەمىنمەن ئۆلگەندە دە
دەشمى قالىمام ① غەزرائىلنى كۆرگەندە دە.
بىلىس كېتەمىز، سىز قالاسىز دېپ جىرلايمىن
جەسەدىمنى تۇپراق بىلەن كۆمگەندە دە.

بۇنى تەرجىمە قىلمىسامۇ چۈشىنىسىلە. شائىر دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ. سىلە
جەزمەن ياخشى بولۇپ كېتىسىلە، تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە ئىشلەيمىز...

كونا سەپدىشىنىڭ تەسەللىسى، كۆڭۈل ياسىشى بىلەن شائىرنىڭ چىرايىغا ئىل-
لىق كۈلكە يۈگۈردى. ئەمدى بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ، چوڭقۇر بىر ئىچ-
كى ئازاب بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئويلىسام، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ، يامانلى-
رىمۇ بار ئىكەن. بىر مەزگىل مۇقامدا يوق سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن مۇقامىدا يوق
شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قويدۇم. بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن... شېئىردىي تىل بىلەن
ئېيتقاندا، يۈرىكىمدە يىغلايمەن...

① دەشمى قالىمام — سۆزلەپ تۇرۇش مەنىسىدە.

شائىر يەنە جىم بولدى، چىرايىدىن چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازابتا بىئارام بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

خەلقىمىزدە «ئات يىقىلماي يول تاپماس» دېگەن گەپ بار. تېپىشىمچە، ئاكىمىز 60 يىلغا يېقىن هاياتىدا بىر نەچچە قېتىم يىقىلىپ تۇرۇپ، يەنە يىقىلىپ، يەنە تۇرۇپ، ئاخىرى يول تاپقاندى. بۇ يول شائىرنى خەلق ئۈچۈن، مىللىي ئەدەبىيات ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىشقا، تېخىمۇ ساپ، ھەقىقىي ۋىجدان بىلەن ياشاشقا ئېلىپ باراتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ هاياتى يار بەرمەيۋاتاتتى... شائىر ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى، ئەپسۇسلىناتتى. دەرۋەقە، ئەپسۇسلىنىشنى بىلىشمۇ ئادەملىك خىسلەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى ئەپسۇس قىلىنغان شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئەپسۇسنىڭ ئارقىدىن كېلىدىغان قىزغىن بىر ئۈمىد بولغان بولىدۇ. ۋەھالەنكى، هاياتتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۆمۈر بويى يامان، سەت، قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ بىرەر قېتىم — ھەتتا ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ — ئەپسۇسلانمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا مۇنداق سۈرەتلىگەنىدى:

نامەردلەر قورقانچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت، ئەزەلدىن ئەبەت.
ئەگەر بار دېسەك ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى،
راست، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت!

شائىر كېيىنكى سۆزىدە ئۆزىنىڭ پېشقەدەملەرگە بولغان ئارزۇسىنى، قىزغىن ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىلەر قوشۇنىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ھەممە ئىشتا باشلامچى بولۇڭلار، ياشلىرىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى سۆزلەيلى. مېنىڭچە، هازىر قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مۇھىم. قوشۇنىمىز ئىتتىپاق، مۇستەھكەم بولسىلا، ئىشىنىمەنكى، ياخشى، ئۆلمەس، ئولۇغ ئەسەرلەر چىقىدۇ... يۇرتۋازلىقتا ئۆزۈل-كېسىل خاتىمە بېرەيلى... ئەدەبىياتىمىز يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس، مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى...

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دەرھال شائىرنى قۇۋۋەتلەپ، — يازغۇچى، شائىرلارنى يۇرت بىلەن باغلىغاندىن كۆرە، پۈتۈن مىللەت بىلەن باغلىغان تۈزۈك. خوجاھاپىز شېرازىنىڭ مۇنۇ بېيىتىنى سىز بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان:

هازاران خېيىش ناقابىل ئەگەر مېي رەۋت چىغەم دارەم،
ۋەلى تەرسەمكى يەك بىگانىئى ئاقىل رەۋەت ئەزدەست.

مەنىسى: ئۆزۈمنىڭ تۇغقان، مىنىش - ئەقرىبالىرىم بولسىمۇ، كېرەكسىز، ناقابىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن قانچىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭدىن مېنىڭ غېمىم يوق، پەرۋايىم پەلەك ۋە لېكىن ماڭا يات بولسىمۇ، كىم ۋە قەيەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىل، بىلىملىكلەردىن بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ دەرد - پىراقىدا ياقامنى چاك - چاك يىرتىمەن!

مەن بىر چاغدا بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم، سىز ناھايىتى قايىل بولۇپ يېزى-

ۋالغان ئىدىكىمىز...

— شۇنداق، ئىسىمدە... — دېدى شائىر بېشىنى يېنىك ئىڭىتىپ، — بۇ ھەقتە ئۇلۇغ سۆز ئىكەن، مۇشۇنداق پىكىرلەرنى شۇ زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىز ئەمەل قىلالماپتۇق... ئۇنىڭ مەنىسىگە تازا چۈشىنەلمەپتۇق... لېكىن سىلەر بار، بۇنىڭغا ئەمەل قىلايلى... ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئاشۇنداق ئۇلۇغ پىكىرلەرنى ئورناتقۇزايلى.

ئىبراھىم مۇتىئى شۇ ھامان ئۆتمۈش - تارىخنى ئەسكە ئالدى:

— بۇھەقتە ھەقىقەتەن ئاچچىق ساۋاقلار كۆپ، يۇرتۋازلىق مەسىلىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مىللىتىمىزدىكى بىر تارىخىي ئىللەت. 20 - يىللارنىڭ بېشىدا خەلقىمىز ئومۇمىي بىر ئېتنىك نام بىلەن ئاتالماي، قاندا قتۇر تۇرپانلىق، قەشقەرلىق، ئىلىلىق، خوتەنلىك، دولان، تارانچى دېگەندەك يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىپ يۈرەتتى. كېيىن بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار بۇنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىپ، مىللەتنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە شۇ نام ئاستىدا خەلقىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كەلدى. ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى قويۇپ، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىگە دەككە بەرگەنىدى. مېنىڭچە، ھەرقانداق يۇرتۋازلىقنىڭ ئارقىسىغا قاندا قتۇر بىر شۇم غەرەز يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا يول قويماسلىقىمىز، بۇ ناچار ئىللەتنى ياش ئەۋلادلارنىڭ پاك قەلبىگە يۇقتۇرماسلىقىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە، سىز ئېيتقاندەك، بىز پېشقەدەملەرنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەنە شۇ خۇنۇكلۈكنى، ئاچچىق ساۋاقلارنى سۆزلەش مەسئۇلىيىتىمىز بار!

شائىرنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپقاندەك، يەڭگىل نەپەس ئالدى. چىرايىمۇ قايىللىق، رازىمەنلىك بىلەن خېلى ئېچىلىپ قالدى...

توغرا، «روناق تاپىدىغان ئەل بىر - بىرىنى باتۇرۇم دەر» دېگەن گەپ بار. بۇ ھەقىقەتنى ھەممەيلەننىڭ چۈشىنىشى زۆرۈر ئىدى. شائىرنىڭ ئويلىغىنىمۇ، كۈتكىنىمۇ، ئارزۇسىمۇ، ئۈمىدىمۇ شۇ ئىدى...

مەن شۇ كۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ شائىر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇش خۇي چىرايىنى، يېقىملىق، مەردانە ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم. بۇ چىراي، بۇ ئاۋاز بىزدىن مەڭگۈ يىراقلاپ كەتكەنىدى. شۇم ئەجەل ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى...

بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى ساكيامونى سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ: «ئاھ، مېنى ئاسىرىغۇچى جىمى بەندىلىرىم، مۇنۇ سۆزۈمنى يادىڭلاردىن چىقارماڭلار: يارىتىلغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆلىدىغان بىر كۈنى بولىدۇ» دەپ ئۆلۈمگە تەسەللىي ئېيتقانىكەن. دەرۋەقە، بۇ بىر مۇقەررەرلىك، ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ!...

ئەي قەدىردان ئۇستاز، تىنچ ۋە خاتىرجەم ياتقىن! سەن قويغان تەۋرەۋەك قەلەمنى يۈزلىگەن، مىڭلىغان شاگىرتلىرىڭ مەردانىلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، سەن ئورۇندىيالمىغان ئارزۇ - ئارمانلارنى جەزمەن ئورۇندايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆرمۇھەممەت زامان

## شائىر بىلەن بولغان سۆھبەت

«ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپات بولدى!»

پۈتۈن شىنجاڭنى لەرزىگە سالغان بۇ مۇدھىش خەۋەرنى رادىئودىن ئاڭلىغىنىمدا چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈم، سۆيۈملۈك شائىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزغا قاتتىق ئېچىندىم.

مەنمۇ تېيىپجان ئېلىيوپنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولغان، ھەتتا ئۇنى زىيارەتمۇ قىلغانىدىم. بۈگۈن شۇ چاغلاردا قىلىنغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇغىنىمدا، شائىرنىڭ بۈيۈك ئوبرازى كۆز ئالدىمدا باشقىدىن نامايان بولدى.

1979-يىل 14-ماي دۈشەنبە كۈنى ئىدى. شىنجاڭ داشۆ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان قىسمىنى دەرسلىك قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىبلەردىن بولغان تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن شائىرنى زىيارەت قىلدىم. بۇ قېتىم بىز ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى خىزمەت بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى «مۇقام گۇرۇپپىسى»نىڭ ئىجادىيەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. سۆھبەت جەريانىدا مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇكېرەش ئاكىلار بىز بار ئىشخانىغا كىرىپ، چىقىپ چاقچاقلىشىپ تۇردى. سۆھبەت ئۈچ سائەت داۋاملاشتى.

— تېيىپجان ئاكا، — دېدىم مەن كېلىش مەقسىتىمنى ئىزھار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ئۆزىڭىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىز ياكى ئىجادىيىتىڭىز ھەققىدە يېزىپ قويغان تەپسىلىيرەك ماتېرىيال بولسا بەرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— مېنىڭدە سىلەرنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ماتېرىيال يوق، بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە تەپسىلىيرەك بىرەر ماتېرىيالمۇ يازماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بىز سۆھبەتلىشەيلى، مەن دەپ بەرسەم، سىز خاتىرىلىۋالسىڭىز.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ

پىكرىگە قوشۇلۇپ ۋە دەرھال دەپتەر، قەلەملىرىمنى ئالدىم. ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— مەن 1930-يىلى 4-ئايدا تازا ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغدا قورغاستا تۇغۇلۇپتىكەنمەن. دادامنىڭ ئېيتىشى زاكىر ئىكەن. ئۇ ئۆزى نامرات بولسىمۇ، لېكىن نىزامىدىن ئاتلىق موللا ھەم شائىرنىڭ قولىدا تەلىم ئالغان ئوقۇمۇشلۇق، مەردانە تەپەررۇۋەر ئادەم ئىدى. بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەۋە يەر، جايىمىز يوق بولۇپ، ئائىلىمىز پەقەت ئىككى ئاكامنىڭ تاپاۋىتىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەن بالىلىق دەۋرلىرىمدە، يەنى 1936-يىلدىن 1944-يىلغىچە يەتتىمىي مەكتەپتە تولۇقسىزغىچە ئوقۇدۇم. 1942-يىلى دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆينى بېقىش ئىشى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى، شۇنىڭ بىلەن كىچىك تۇرۇپلا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. مەن دىمەتلىك بالىلار يازدا ئويناپ، كۈزدە مەكتەپكە بارسا، مەن دودىشاڭدا (چاقسا ئادەمنى يېغىر قىلىۋېتىدىغان پاشىلىقتا) ئىشلەيتتىم، قايتىپ كېلىپ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتىم. شۇنداق قىلىپ كىچىك تۇرۇپلا دېھقانچىلىقنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئېلىپ قالدىم. بىراق تۇغقانلار مېنى دادامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن يەنە ئوقۇتماقچى بولۇشتى. مەن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. تۇغقانلار مېنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ئاخىر ئامالسىز مەدرىسكە ئوقۇشقا كىردىم. ئىككى يىلدا توت پارە قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ، ئاندىن ھۆۋەيدا، ئۆمەر ھەييام، شا مەشرەپ، پىردەۋسى، ناۋايىنى نەزمىلىرىنى ئۆگەندىم، يەنە باشقا دىنىي دەرسلەرنىمۇ ئۆگەندىم. دەل شۇ چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، يېزىلاردا ھەر كۈنى دېگۈدەك غەلىبە خۇش خەۋەرلىرى تارقىلىپ تۇراتتى. كىشىلەر قەلبى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا تەلپۈنەتتى. مەن شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن «قازاق ئېلى»، «شەرق ھەقىقىتى» دېگەن ژۇرناللارنى ئىنتايىن قىزىقىپ ئوقۇيتتىم. ئىلىم-پەننىڭ كارامەتلىرىنى چۈشەنگەنسېرى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن كۆڭلۈم سوۋۇپ، ئاخىر مەكتەپتىن قاچتىم. لېكىن خەلپەتلە ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالدى.

1948-يىلى 8-ئايدا غۇلجىغا قېچىپ بېرىۋالدىم. ئۇ يەردە زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىياتچىلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ نۇرغۇن يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. كېيىن غۇلجىدىكى «ئالغا گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. بۇ يەردە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدىم. خىزمەت جەريانىدا «بىلىم يۇرتى»① نىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەندىم ھەمدە ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ھەر خىل دەرسلەر ۋە ماتېرىياللارنىمۇ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتۇم، بۇنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇردۇم. ئازادلىقتىن كېيىن خىزمىتىم ئۆ-

① شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم.

رۇمچىگە يۆتكەلدى. ئۇرۇمچىگە كەلگەنـ
دىن كېيىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ
تەسىس قىلىنىشتا تەشەببۇسكارلارنىڭ بىرـ
سى بولدۇم. كېيىنرەك بۇ ژۇرنالنىڭ مەسـ
ئۇلى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا ھەر
خىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتـ
لەرگە قاتناشتىم. 1961 ـ يىلىدىن تارتىپ
كەسپىي يازغۇچى بولدۇم.

— تېيىپجان ئاكا، سىز قاچاندىن
تارتىپ شېئىر يېزىشنى باشلىغان؟ — دې-
دىم مەن.

— ھە، ئەمدى ئۆز ئىجادىيىتىم
ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەي، — دې-
دى ئۇ، — مەن ئەدەبىياتقا كىچىك چې-
غىمدىلا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇنداق بو-
لۇشى، دادامنىڭ ئارىلىشىدىغان ئۇلپەت-
لىرى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان
ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت ئۈستىدىكى
مۇلاھىزىلەر، قىزىق پاراڭلار مېنى ئۆ-
زىگە جەلپ قىلاتتى، بالىلىق قەلبىمدە
چوڭقۇر ھەۋەس تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى.
شۇڭلاشقا بالىلىق دەۋرىمدىلا خەلق ئەدە-
بىياتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، قوشاق-
لارنى يادقا ئالدىم. 1944 ـ يىلى 600
كۇپلېتتەك قوشاق يېزىلغان بىر خاتىرە
دەپتىرىم بار ئىدى، مەن بۇ قوشاقلار-
نىڭ ھەممىسىنى يادلىۋالغانىدىم. كې-
يىنچە ل. مۇتەللىپ، نىمشېھىت قاتار-
لىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشتى-
ياق بىلەن ئوقۇيتتىم. ئەدەبىياتقا بول-
غان ئىشتىياقىم ئاشقانسېرى لاتىنچە
يېزىقنى ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى تۇغۇلدى.
چۈنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى شەرقايىسى رېسپۇبلىكىلىرىدىن
چىقىدىغان ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى
لاتىنچە يېزىقتا ئىدى. لاتىنچە يېزىقنى
ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن سوۋېت يازغۇچى-
لىرىدىن ماكسىم گوركىنىڭ «بالىلىق دەۋر»،
پۇشكىننىڭ «كاۋكاز تۇتقۇنى»، ئۇيغۇر مۇ-
ھەممەدىنىڭ «ئۆمەر ئۆلدى» دېگەن ئە-
سەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. شۇ-
داق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تام گې-
زىتكە شېئىرلارنى يازدىم. بىر كۈنى بىز-
نىڭ مەكتەپ بارابان ئەكىلىۋىدى، «با-
راباب» دېگەن بىر شېئىرنى يېزىپ تام
گېزىتىگە چىقاردىم. شۇ چاغلاردا ئۆز
ئەتراپىمدىكى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرى-
دىغان بالىلار شېئىرلىرى يېزىشقا تولىمۇ
قىزىقاتتىم. 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ،
يېزىلاردىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشى
باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ مەھەللىدىنمۇ
كۆپلىگەن ياشلار ئەسكەرلىككە كەتتى.
مەنمۇ ئەسكەرلىككە كىرىش ئۈچۈن تى-
زىملاش ئورنىغا ئىككى قېتىم باردىم.
بىراق «يېشىڭ كىچىك ئىكەن» دەپ تى-
زىملىغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر مېنىڭ ئەس-
كەرلىككە كىرىش قىزغىنلىقىمنىڭ يۇقى-
رىلىقىنى سەزگەن بىر تۇغقىنىمىز بۇ
ئىشقا ئارىلاشتى. ئۇ ئەسكەر ئالىدىغان
كومىسسىيەلەرگە: «بۇنى ئەسكەرلىككە ئال-
ساڭلار بولىدۇ، ئىرادىسىنى ياش بىلەن
ئۆلچىگىلى بولمايدۇ» دېدى. گەرچە كو-
مىسسىيەلەر مېنى يەنىلا ئەسكەرلىككە
ئالغىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى
تۇغقىنىمىزنىڭ قىلغان گېپى ماڭا چوڭ-
قۇر تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «جەڭ-
چى ئاكامغا» دېگەن شېئىرنى يازدىم:

بىلەلمىدىم، كوممىسىيە دېگەنلەر،
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكەن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دېمەي يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن.

......

— سىزنىڭ «جۈرئىتى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسىڭىز قانداق قويۇلۇپ قالغان؟

— ئۇ زامانلاردا دىندارلار شېئىرىيەت دېگەن پەقەت ئەۋلىيا-ئەنبىيالار شۇغۇللىنىدىغان ئىش، دەپ قارايتتى، شۇڭلاشقا موللىلار ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ تالىپلارنىڭ شېئىر يېزىشىنى مەنئى قىلاتتى. بىر كۈنى ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبېكنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى «ناۋايى» دېگەن رومانىنى ئوقۇۋېتىپ، ئىختىيارسىزلا كىتابنىڭ ئۈستىگە قەغەزنى قويۇپ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كېتىپتىمەن. دەل شۇ چاغدا تالادىن تالىپنىڭ مېنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاندى. كىتاب ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتمەيلا تالاغا چىقىپ كېتىپتىمەن. ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ ھۇجرىغا قايتىپ كىرسەم، موللام كىتابنى قولىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن ھومىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇتەئەسسىپ موللا بۇ كىتابنىڭ «ناۋايى» دېگەن رومان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيلىدىن بىرئاز ياندى، لېكىن «بۇنى سەن قۇرئاننىڭ ئۈستىگە قويۇپسەن، شېئىر يازىدىكەنسەن...» دەپ بىرمۇنچە قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ تەنبىھلەپ، مېنى شېئىر يېزىشتىن توستى. ئەمما موللىنىڭ ھەيۋىسى مېنىڭ جۈرئىتىمنى توسالمىدى. شۇنىدىن كېيىن «جۈرئىتى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن شېئىر يېزىشقا باشلىدىم.

ئۇ غۇلجىدا «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلەش جەريانىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە يېقىندىن ياردەم بەردى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى لېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندىم. مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: 1949-يىلى «لېنىن ئۆلمىدى» دېگەن شېئىرنى يازدىم. شېئىرىم ئېلان قىلىنىشى بىلەن جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلدى. شېئىر ئۈستىدە غۇلغۇلىمۇ بولدى، بولۇپمۇ بىر قىسىم خۇراپىي دىندارلار شېئىرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا نارازى بولدى. ئۇلار بىر مەخسۇس گېزىتخانىغا ئەۋەتىپ، «دۇنيانى ئاللاتائالا ياراتقان تۇرسا، بۇ شېئىردا شائىر لېنىن يېڭى دۇنيا ياراتتى دەپتۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمىز» دەپتۇ. ئىدارە باشلىقلىرى بۇ كىشىگە لېنىننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم بىلەن تولغان زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەمگەكچى خەلق دۆلىتىنىڭ خوجايىنى بولالايدىغان بەختىيار، يېڭى بىر دۇنيانى بەرپا قىلغان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى سەۋرچانلىق بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ. شۇنىدىن كېيىن ھېلىقى كىشى قايىل بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇ مەزگىلدە ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە بېغىشلاپ «ئىشەنچ»، «بىزنىڭ ناخشىمىز»، «كۈن چىقىشنىڭ تېگى

ئاتتى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدىم. شۇ شېئىرلار ئىچىدىن «خىتابىم» نى ئۆزۈممۇ ياخشى كۆرىمەن. شۇ چاغدا فېئوداللارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۇنىڭ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىشىگە بولغان توسقۇنلۇقىمۇ ئېغىر ئىدى. بەزى ئىغۋاگەرلەر جەمئىيەتتە ھەرخىل پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ چۈشەنچىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇندى. مەن بۇ خىل خاتا كۆز قاراشلارغا بۇ شېئىرىم ئارقىلىق رەددىيە بەردىم. دەسلەپ گېزىت ئۇنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا ياشلار بۇ شېئىرنى قولدىن-قولغا كۆچۈرۈش يولى بىلەن تارقىتىۋەتتى. ئاخىر 1951-يىلى تولۇق تېكىستى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

ئازادلىقتىن كېيىن ھەرخىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر باشلىنىپ كەتتى. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەنسېرى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەرخىل قانۇنىيەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. 1950-يىلى مايدا يېزىلغان «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» ناملىق شېئىرى ئەنە شۇ خىل چۈشەنچىنىڭ روشەن ناماياندىسىدۇر. شېئىردا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جەمئىيەت رېئاللىقى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولۇپ، شېئىر خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شائىر ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ كەڭ كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىرىدۇ. كۇچار، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. كۇچادىكى دەرد تۆكۈش يىغىنىدا زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر نامرات دېھقان سەھنىدە يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكىدۇ. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي زوراۋانلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى، ياۋۇزلۇقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ شىكايىتى يىغىن ئەھلىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئېزىلگەن دېھقانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. دەرد تۆكۈش مەيدانىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان شائىر ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي «دەرد» دېگەن شېئىرىنى يازىدۇ. «شۇ كۈنى كەچتە ئويۇن قويىدۇق. مەن ئويۇن نومۇرلىرىنى ئېلان قىلغۇچى ئىدىم. ئۆزۈمگە نومۇر ئورۇنداش نۆۋىتى كەلگەندە بۇ شېئىرىمنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. ئاڭلاۋاتقانلارمۇ يىغلىشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن شىكايەت يىغىنلىرىدا بۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىمەن. خەلق جانلىنىپ، كۈرەش يىغىنى قىزىپ كېتىدۇ. مەن شۇ چاغقىچە شېئىرنىڭ كۈچىنىڭ مۇنداق زور بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىم. شۇندىن كېيىنلا يەنە دېھقانلار مارشىنى يازدىم. بۇ تېكىستكە قۇربان ئىبراھىم مۇزىكا ئىشلىدى. تەرەپ-تەرەپتە كۈرەش يىغىنىغا، زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ قانۇنسىز

ئىگىلىۋالغان مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىـ
لىشقا ماڭغان دېھقانلار بۇ ناخشىنى ھەيـ
ۋەت بىلەن ئېيتىپ ماڭاتتى. پاختەكـ
لىدە بىر پومبىشچىك ئاشۇ ناخشىنى ئاڭـ
لىسام يۈرىكىم قارت قىلىدۇ، دەپتىكەن.
شۇ چاغدىكى شېئىرلار خەلقنى ئويغىتىش،
قوزغىتىش، تەربىيىلەش ۋە دۈشمەنگە
قارشى كۆرەشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول
ئوينىدى.»

يەر ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئاخىـ
رىدا قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار پارتىيىنىڭ
بۇ ئادالەتلىك سىياسىتىدىن مەمنۇن بو-
لۇپ، پارتىيىگە، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئۆز
تەشەككۈرىنى بىلدۈرمەكچى بولۇشتى، شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن دېھقانلار تېيىپجان ئېـ
لىيوپ بىللە ئولتۇرۇپ ماۋجۇشىغا
خەت يازدى. شائىر بۇ خەتنى قوشاق
بىلەن يېزىپ چىقتى، خەتنىڭ ئاخىرىسـ
غا 500 دېھقان ئىمزا قويدى. خەت
جۇڭنەنخەيگە يېتىپ باردى، ماۋجۇشىغا
تەگدى. ماۋ زېدۇڭ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېـ
لىپ دېھقانلارغا جاۋاب خەت يازدى،
جېتىدە پاختەكلى خەلقىگە سالام يوللىـ
دى، ئۇلارنى باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ
ئالغا بېسىشقا، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ
پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە مەدەت
بولدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك
ئىدىيىۋىلىك ۋە ئاممىباپلىقى ئىگە ئىـ
جادىيىتى بىلەن بارغانسېرى كۆزگە كۆ-
رۈنۈشكە باشلايدۇ، سىياسىي جەھەتتىمۇ
تېز ئالغا باسىدۇ. ئۇ 1953 - يىلى شە-
رەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكـ
ىلىك شۆبە بيۇروۇ تەشۋىقات بۇسىنىڭ بۇ-
جاڭى دېڭ لىچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەر ساھەسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ
يىغىندا بۇ ياش شائىرنىڭ نەتىجىلىـ
رىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. 1955 - يىلى (بۇ
چاغدا تېخى شىنجاڭدا يازغۇچىلار جەمـ
ئىيىتى قۇرۇلمىغانىدى) ئۇ شىمەن يازـ
غۇچىلار جەمئىيىتىگە، 1956 - يىلى
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا
بولىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ شىمەن، بېيـ
جىڭ، شاڭخەي، شېنياڭ، چاڭشا، كۈنـ
مىڭ قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان ئەدەـ
بىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ يىغىنلىرىغا قاتـ
ناشتى. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەر-
يالىرىنى كېزىپ چىقىپ يېڭى - يېڭى تەـ
سىراتلارغا ئىگە بولدى. قەيەرگىلا بارمـ
سۇن ئۇ پەرنى ئۆز ئۆيىدەك ھېس قىلدى،
بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ مېھرى - شەپقىتى،
شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولدى. شۇ جەر-
ياندا مەملىكىتىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئاسـ
مىنىدا چاقنىغان نۇرغۇن چولپانلار بىـ
لەن تونۇشتى. جۇڭگو ھازىرقى زامان
شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىلىرى ئەي چىڭ،
لى جۇ، گو شاۋچۇەن، بەي خۇا قاتارلىقـ
لار بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالـ
دى. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، سوۋېت
رايونلىرىدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە
«چاتقالنى بۆسۈپ يول ئاچقۇچى ئاۋانـ
گارد» دەپ نام ئالغان «ۋاڭ گۈي بىلەن
لى شياڭشياڭ» ناملىق مەشھۇر داستانـ
نىڭ ئاپتورى لى جى بىلەن تالاي قېتىم
ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە
سۆھبەتتە بولدى. ھازىرقى زاماندىكى
ئەڭ مۇنەۋۋەر تىل ئۇستىسى دەپ نام

ئالغان يازغۇچى لاۋ شې 1955-يىلى بېيجىڭدا تېيىپجاننىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزىنى ئىنتايىن قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ ئىلھام بەخش سۆزلىرى ياش شائىرنىڭ قەلبىگە ئورنىدى. شائىرنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغىنى، يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇئېنلەي قاتارلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن شادىيانە كۈنلەر: تېيىپجان بىر يىلى قىشتا بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقاندا، جۇڭنەنخەيگە بېرىش توغرىلىق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالىدۇ. جۇڭنەنخەيگە بارغاندىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، بىللە رەسىمگە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. 1956-يىلى بېيجىڭدىكى بىر قېتىملىق ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكىدە، ئاتاقلىق شائىرلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. تېيىپجانمۇ سەھنىگە چىقىپ، ھاياجان ئىلكىدە شېئىر ئوقۇۋاتقاندا، ئالدىنقى رەتتە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان جۇ زۇڭلىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا گو شاۋچۈەن كېلىپ، ئۇنى زۇڭلى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. سۆيۈملۈك جۇ ئېنلەي مېھرىبانلىق بىلەن تېيىپجاننىڭ يېشى، خىزمىتى، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرلەپ سورايدۇ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «يېزىڭ، سوتسىيالىزمنى يېزىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى يېزىڭ» دەيدۇ.

تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ شۇ يىللاردا يەنە ياشلىق ھېسسىياتىنىڭ يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دېدى: «مۇھەببەتنى ھەر كىشىنى يېزىش كېرەكتى. تۇرمۇشتا ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق، ئالداش بىلەن ئالدىنىش، شادلىق ۋە پۇشايمان قىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىنىڭ ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىمۇ مۇھەببەت. بۇ بىزگە ئەنئەنىۋى تېما ئىدى. «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش» ئىچىدە مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئىجاد قىلىشىمۇ بار ئەمەسمۇ. ئەمما ئىنتايىن سول لۇشيەنىڭ كاساپىتىدىن مۇھەببەت لىرىكىلىرى تەنقىد قىلىنىدى. 1958-يىللىرىدا كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرگۈدەك تەنقىدلەر مەيدانغا چىقتى. مەن بۇ تەنقىدلەرگە شۇ ۋاقىتتىمۇ قايىل بولمىغان، ھازىرمۇ قايىل بولمايمەن. مەن يازغان «تۈگىمەس ناخشا» غەلىتە تەھلىل قىلىنىپ دومبالاندى، ئاخىر مېنىڭ بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلغان جىنايىتىمگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا «ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، «ساك مۇدىرىنىڭ زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، بەزى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدىم، بۇلارمۇ «ئەكسىيەتچى شېئىر»، «زەھەرلىك چۆپ» دەپ قارىلىپ تەنقىدلەندى. رېئالىست شائىر جەمئىيەتنىڭ يورۇق تەرىپىنىلا ئە-

www.uyghurkitap.com

مەس، قاراڭغۇ تەرىپىنىمۇ يېزىپ كۆرسى-
تىشى كېرەكقۇ. بۇ شېئىرلاردا تەشۋىق قى-
لىنغان ئىدىيە توغرا ئىدى، مېنىڭچە، ها-
زىرمۇ مۇشۇنداق يازسا بولىدۇ.» مانا شۇن-
داق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شائىر «ئىدىيە
ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن تۆۋەنگە — تۇرپانغا
چۈشۈرۈلدى. ئۇ تۇرپانغا چۈشكەندىن كې-
يىنمۇ ئىجاد قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن
بەرمەي «ئۆستەڭدىن خەت»، «بىر يىگىت-
نىڭ خاتىرىسى»، «ئۈزۈم ئۈزگەندە» قاتار-
لىق شېئىرلارنى ۋە «ئىگىلىك سۇ» نام-
لىق باللادىنى يازدى.
شائىر ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ سۆيۈم-
لۈك ۋەتىنىگە سادىق بولۇپ كەلدى. ئۇ-
نىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتا-
يىن چوڭقۇر ئىدى. ھەرقانداق ئېغىر زەر-
بە، قاتتىق بېسىم، جۇدۇن - چاپقۇنلارمۇ
بۇ مۇھەببەت رىشتىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى.
ئۇ ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبا-
رەت بۇ مۇھىم ئىدىيىنى بىر ئۆمۈر تەش-
ۋىق قىلىدىغان تېما قىلىپ تاللىۋالدى.
1962 - يىلى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»
ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى ئېلان قىلىپ،
ئۆزىنىڭ يارقىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىـ
سى، جاسارەتلىك پەزىلىتىنى تەنتەنە بى-
لەن جاكارلىدى:

ئانا تۇپراق تويىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەم ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندىمەن.

سۇلىرى ئابىھايات، كەۋسەر ئاڭا تۇرسا خۇمار،
نە ئۈچۈن موھتاج بولۇپ، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.

نەگە بارسام ئۆز ئانام قويىندا مەن، ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى تاڭشەن، مەيلى تەيخاڭشەندىمەن.

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كەيسەم كۆلاھۇ جەندە مەن.
......

1970 - يىل. لىن بياۋ، «تۆت كى-
شىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن تېپىپ-چاپلانغا
«پارتىيىگە قارشى»، «مىللەتلەر ئىتتىپا-
قىغا قارشى»، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قار-
شى» دېگەن سىياسىي قالپاقلار كىيدۈرۈل-
دى، ئۇ پارتىيىدىن چىقىرىلدى، خىزمەتتىن
بوشىتىلىپ، كۈچۈككىغا سۈرگۈن قىلىندى.
ئۇ 1973 - يىلىغا قەدەر شۇ جايدا ئەم-
گەك قىلدى. شائىر سۆھبەت ئۈستىدە ئا-
شۇ ئېغىر كۈنلەرنى ئەسكە ئالدى (ئۇ-
نىڭ تاماكا تۇتقان قوللىرى غەزەپتىن
تىترەيتتى، چىرايى ئۆزگەرگەنىدى.): «بىر
كۈنى قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كەتتى.
ئاشۇ شىۋىرغانلىق كۈنى دېھقانلار بىلەن
ياغاچ ئەكىلىش ئۈچۈن تاغقا قاراپ ماڭ-
دۇق. كۈگشىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا،
تراكتوردىن چۈشۈپ ماگىزىنغا كىردۇق.
ماگىزىندا تۇرپاننىڭ 4 كوي 80 پۇڭلۇق
ھارىقى بار ئىكەن. باشقىلار ھاراقتىن
ئالدى. ھەمراھلىرىمنىڭ تەشەببۇسى بى-

لەن مەنمۇ ئالدىم. تاغدىن قايتىپ كېلىپ گۆش پىشۇردۇم. مەن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قورساقنى ئۇتتۇرمايمەن. تاماق ئېتىش، نان يېقىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ. شۇ كۈنى ناردىن قىلدىم. سالغان گۆشۇم سېمىز ئىدى. پىشقان گۆش بىلەن ھېلىقى ھاراقتىن بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن، ئۆزۈم غىرىدىلىق باسقان كۆلىبىدە ئولتۇرساممۇ، كۆڭلۈم يايراپ كەتتى، غەم-غۇسسىلار تارقالدى، ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تاپتى. شۇنىڭ بىلەن «ساقىيغا ئىلتىماس» دەپ بىر شېئىر يازدىم:

قۇي، ئەي،
جاھان غەۋغاسىدىن خالىي بولاي بىردەم.
ھوشۇمدىن ئايرىلاي بىردەم.
بۇ ھوشۇم باردا يوقكەن ماڭا ئارام،
ئۇنىڭسىز ئەمدى مەن ئارام ئالاي بىردەم.

بۇنىڭ كېيىنكى كۇپلېتىنى ئەتىسى يېزىۋىدىم، ئانچە ياخشى چىقمىدى.»

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا تېيىپجاننىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ئىنكار قىلىندى، كىشىلىك ھوقۇقى يەرگە ئۇرۇلۇپ دەپسەندە بولدى، خارلاندى. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ:

بەستىم بىلەن تەك تەلپەكمىم،
چوغدەك قىزاردى تەستىكىم.
تاپقان مۇكاپاتىم شۇمۇ؟
مۇنداق ئەمەستى ئىستىكىم.

رەڭگىرەڭ ...ىمنى ئاق دېسەم،
ھازىر ...ۇرمىتتە باشقىچە.
بۇ ھەقتە شۇنداق دېگۈلۈك:
ئالداپتۇ كونا ...ىپىندىن.
بۇغداي تېرىپ كېلىپمەن دېسەم،
قارىمۇق دېيىشتى باشقىلار.
كىم بىلدى مۇنداق خەيلىنى،
ۋاي، ۋاي ئېست، تەر ـ ئەمگىكىم.

ئېيتقان مۇقامىم ياقمىدى،
قالدىم ئۆزۈممۇ گاڭگىراپ.
ئۈزدى راۋابىم تارىنى،
نەلەردە قالدى زەخمىكىم؟

بۇ كۆتۈرگۈسىز ۋە چىدىغۇسىز دەردەلەم، ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق شائىرنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى سوۋۇتالمىدى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن مەيۈسلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ، يېزىقچىلىقنى توختىتىپ قويمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ زور جاسارەت، غەيرەت بىلەن بۇ خىل ناھەقچىلىقنى يومۇر قامچىسى ئاستىغا ئالدى. مانا مۇشۇ خىل كەيپىيات ئۇنىڭ «چال ئوغلۇم!» دېگەن شېئىرىدا تولۇق ئىپادىلەنگەن:

ئەسلىسەم، قۇلقىمنىڭ تۈۋىدىلا
ياڭرايدۇ بىر چاغدىكى داقا ـ دۇمباق.
ئاۋازى ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك،
نە ئامال، ئۇ چاغدىكى يۇسۇن شۇنداق.

ياڭرىتىپ داقا ـ دۇمباق ئېلىپ چىقتى،
مېنىمۇ «ياچېيكا» دەپ سازايىغا.
كىم بىلسۇن، سۇنايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىراپىغا.

ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن: نېمە ئىش بۇ، تووا-تووا!
چال، ئوغلۇم، ئاناڭنى مەن ئالغان چاغدا
مۇنچىلىك قىزدىمىغان نەغمە-ناۋا.

شۇ سۆزىمۇ بېشىدىغا بىر بالا بولدى،
ئۆلمىدىم، پېقىر يەنە ئامان قالدى.
بىراقتا ئوغلۇم رەجەپ شۇندىن كېيىن
سۇنايىنى تاشلىۋېتىپ يامان قىلدى.

1976 - يىل. ئاسمان قارا بۇلۇتتىن،
زېمىن چوڭ زىياندىشتىن قۇتۇلدى. تۆھ-
مەتتىن قۇتۇلغانلار قاتارىدا شائىر تېيىپ-
جان ئېلىيوپنىڭمۇ «مەسىلىلىرى» ئېنىق-
لىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۆزى
ئاقلاندى، مەتبۇئات ھوقۇقى قايتۇرۇپ بې-
رىلدى. شائىر كۆپ يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە
پۈككەن دەۋر ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ
ئەمدى تولۇپ تاشقان ھاياجان ئىچىدە
ۋەتەن دىيارىدا بارلىققا كەلگەن ئالەم-
شۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭى دەۋرنى، يې-
ڭى ئادەملەرنى كۈيلەشنى يەنە باشلىۋەتتى:

تاڭ بىلەن لەرزان ئۇچتى سابا،
ۋادىنى بويلاپ چاچتى ئىپار،
نەغمىچى قۇشلار چالدى مۇقام،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

جىلۋىگە كىرگەن گۈلشەن ئارا،
تەكشى ئېچىلغان گۈلگە قارا،
بىر-بىرىدىن ئۈز، پەيزى تولا،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

رەزگى زىياندىشلار يوقلۇپ،
كەتتى جېنىمى يەر جۇشقۇنلۇنۇپ،
بارىدۇ ئەمدى ئىش ئوڭلىنىپ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

«— بۇلاردىن باشقا، — دەپ سائىتىگە
بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى يىغىنچاقلاشقا
باشلىدى تېيىپجان ئاكا، — ئىشچىلار ھا-
ياتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا
دوستلۇقى ھەققىدىمۇ خېلى كۆپ شېئىرلار
يازدىم. ئون - يىگىرمىدەك ناخشا تېكىس-
تى يازدىم. ئەمدى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-
ئۈستىدە بىرەر ئىلمىي ئەسەر يېزىپ با-
قاي دەپ ئويلاۋاتىمەن، شۇڭا غۇلجا،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلاردا
لېكسىيە سۆزلەپ ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ
باقتىم.»

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ شېئىرىيەت نەزەرىيە-
سى ھەققىدە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىدى.
شۇڭا كۆپ يىللار كلاسسىك شېئىرىيەتنى تەت-
قىق قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 30 خىل-
دىن كۆپرەك شەكىل بىلەن شېئىر يېزىپ
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ شەكىللەرنى
يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىتتى. كلاسسىك
شېئىر شەكىللىرىدىكى كىشى قەلبىنى زىل-
زىلىگە سالىدىغان خاسىيەت ئۇ تۈزگەن
مىسرالارغا سىڭىپ، گويا يېقىملىق مۇزىكا
ۋە ناخشىدەك جاراڭلاپ، بىر خىل كۈچلۈك
تېمپا ھاسىل قىلدى.

بۇ مېھماندوست شائىر سۆھبەتتىن
كېيىن مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، بى-
راق مەن ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ
خوشلاشتىم.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مەن
تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن ئېلىپ بارغان
سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسەن ئىخچام
بىر پارچە تەرجىمھال تۈزۈپ دەرسلىككە
كىرگۈزدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەتبۇئاتتا
ئېلان قىلىش ئۈچۈن تەپسىلىيرەك بىر
پارچە ماقالە تەييارلىدىم. تۇرغان شاۋۇ-
دۇن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى
ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىدە) بىلەن ئىك-
كىمىز تېيىپجان ئاكىنى يوقلىغاچ بۇ ما-
قالىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ، پىكرىنى ئال-

ماقچى بولۇپ ئۆيىگە باردۇق. تەلىيىمىزگە ئۇ ئۆيىدە بار ئىكەن. بىزنى خۇشاللىق بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. بىردەم ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن:

— تېيىپجان ئاكا، — دېدى تۇرغان شاۋۇدۇن مەن يازغان ماقالىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇپ، — بۇ ماقالىنى بىزمۇ رادىئودا ئاڭلىتايلى دېۋىدۇق، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىنى ئالايلى دەپ كەلدۇق.

بىز دەل چۈش ۋاقتىغا ئۇلىگىرۈپ بېرىپ قاپتىمىز. شۇڭا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن، — دېدى-دە، قىزىغا تاماق ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ تۆت تال سامساق كۆتۈرۈپ چىقتى، سامساقنى لەگەن سېلىنغان تەخسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر تالدىن قويۇۋېتىپ:

— سامساق ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قېنى ئېلىڭلار، — دېدى بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماقالىنى ماڭا سۇنۇپ:

— قېنى، ئۆزىڭىز ئوقۇڭ، مەن ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن پىكرىم بولسا بېرەي، — دېدى كىرىسلوغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ. مەن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئالدىرىماي، ئېنىق قىلىپ ئوقۇپ بەردىم. ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ماقالىنىڭ بەزى جايلىرىدا ماڭا بېرىلگەن باھا يۇقىرى بولۇپ كېتىپ قاپتۇ. مېنىڭ ئىشلىگەن ئىشىم، تۆككەن ئەجرىم توغرا بايان قىلىپ بېرىلسىلا كۇپايە. ئۇشۇق جايلىرىنى قىسقارتىۋېتىڭلار، — دېدى ۋە، — ئەمدى بۇ ماقالىنى قەيەردە ئېلان قىلماقچى دەيسىز، — دەپ سورىدى.

— «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بېرەيمىكىن دەيمەن.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ھەر قايسى جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن يەرلىك ژۇرناللار چىقىۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ئىش. بىز بۇنى قوللىشىمىز كېرەك. ئەمما بۇ ژۇرناللارنىڭ بەزىلىرى شۇ جايدىن چىققان يازغۇچىلارنى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ تونۇشتۇرغىلى تۇردى. بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ شامالنى توسۇش كېرەك. بۇنداق قىلىنسا يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك يامراپ كېتىدۇ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل كەيپىياتقا يول بەرمەسلىك لازىم. سىز بۇنى مېنىڭچە «ئىلى دەرياسى» غا بەرمەي «يېڭى شەھەر ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى» ياكى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» غا ئەۋەتىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ماقالىنى باشقىلارغىمۇ بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ پىكرىنى ئېلىپ بېقىڭ. مۇمكىنقەدەر ئالدىرىماي، بىر-بىر پەيتنى تېپىپ ئېلان قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

شۇندىن كېيىن مەن بۇ ماقالىنى بىر-بىر ژۇرنالغا ئەۋەتمىدىم، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئېلان قىلىش پۇرسىتىمۇ بولمىدى، پەقەت ھەريىلى دېگۈدەك تولۇق مەزمۇنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىپ، بۇ ئاتاقلىق شائىرنى يېڭى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ كەلدىم. مانا بۈگۈن شۇ ماقالىنى قايتىدىن قولۇمغا ئالسام كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. چەكسىز ھەسرەت ۋە ھاياجان ئىچىدە مەرھۇم تېيىپجان ئاكىمىزنىڭ مەردانە قىياپىتى، نۇرلۇق چىرايىنى ئەسلىمەكتىمەن.

مەسئۇل تەھرىرى: سارەم ئىبراھىم

تۇردۇش

## تېيىپجان مەڭگۈ ھايات

تالانتلىق شائىرىمىز تېيىپجاننىڭ
ۋاپاتى مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشىلەر
قاتارىدا مېنىمۇ قاتتىق قايغۇغا سالدى.
ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. شۇ تاپ-
تا كۆز ئالدىمدىن ئۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن
گۈزەل خاتىرىلەر خۇددى كىنو لېنتىس-
دەك ئۆتمەكتە. بىر تامچە سۇدىمۇ قۇ-
ياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دې-
گەن ئوي بىلەن مەندە ئۇنتۇلماس تە-
سىراتلارنى قالدۇرغان شۇ خاتىرىلەرنىڭ
ئايرىملىرىنى جامائەتچىلىك بىلەن ئور-
تاقلاشماقچىمەن.

مېنىڭ تېيىپجان بىلەن تونۇشقى-
نىمغا 40 يىلدىن ئاشتى. 1948-يىلل-
رى غۇلجىدا تېيىپجان «ئالغا» گېزىتىدە،
مەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ئىشلەيتتىم.
ئىككىمىز گېزىتخانىدا بىر ياتاقتا ياتات-
تۇق. تېيىپجان ئىشتىن قايتىپ كېلىپ،
كېچىچە چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كې-
تاب ئوقۇيتتى، تولاراق ئەدەبىي ئەسەر-
لەرنى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر
كىتابلارنى ئوقۇيتتى. شۇنداقلا مار-
كسىزملىق نەزەرىيىگە دائىر ئەسەرلەرنى-
مۇ بېرىلىپ ئۆگىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ
بىلىدىغانلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، نە-
زەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ باراتتى. دۇن-
يادىكى داڭلىق يازغۇچى، شائىرلار ھەق-
قىدە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى يېزىپ
مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى تېيىپجان ماڭا: «كەچ-
لىك تاماقتىن كېيىن بىر ياققا كېتىپ
قالما» دېدى. كەچتە تاشلىرى يىرتىلىپ
كەتكەن بىر كىتابنى ئېلىپ ياتاققا
كەلدى. بۇ «كوممۇنىستىك پارتىيە خى-
تابنامىسى» نىڭ ئۆزبېكچە نۇسخىسى
ئىكەن. ئۇ «بۇ كىتابنى بىرلىكتە ئو-
قۇيمىز» دېدى. ئۇ ئوقۇدى، مەن ئاڭ-
لاپ ئولتۇردۇم. ئۇ شۇنداق ھەۋەس
بىلەن ئوقۇدىكى، يېرىم كېچە بولغىنىنى
بىلمەي قاپتۇق. داۋامىنى ئەتىسى ئو-
قۇدۇق، كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى تېيىپ-
جان ئوقۇدى. بەزىدە مەنمۇ ئوقۇدۇم،
بىراق سلاۋيانچە يېزىقنى تېيىپجان-
دەك ياخشى ئوقۇيالمايتتىم، دۇدۇقلاپ
قالاتتىم. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ روھىي ما-
ھىيىتىنى بىر-ئىككى قېتىم ئوقۇش
بىلەنلا ئىگىلەپ كەتكىلى بولمايتتى،
ئەلۋەتتە. لېكىن شۇ چاغدا، شۇ شارا-

ئىتتا 20 ياشقا تولمىغان بىر بالىنىڭ بۇ ئەسەرنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقتانلىقىنىڭ ئۆزى نىمىدىگەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ - ھە! ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

تا يىگىتلىكتىن قىزىل بايراقتا تەلپۈندۈم،
قويمىدى ھېچبىر پۇشايمانغا مېنىڭ بۇ تاللىشىم.
ئەل بىلەن تەڭ كۆلگىنىمدە مىسلىسىز ئالدىم ھۇزۇر،
بولدى قەلبىمنىڭ غۇرۇرى ئەل ئۈچۈن تۆككەن يېشىم.

ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى، بىلىمگە بولغان ئاشىقلىقى ئۇنىڭغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى، ئۇنى يېڭىدىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق جەڭچى، پارلاق ئىستىقبالغا چىڭ ئىشەنچ باغلىغان غايىلىك كۆرەشچى قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇ 1950 - يىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئۆمەر مۇھەممىدى» ناملىق ماقالىسىدا «ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى ئەدەبىيات تارىخى بىلەن چىڭ باغلانغان. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر ئاۋاز بىلەن كۆتۈرۈلگەن تالانت. شۇڭدا ئۇ لېنىن يولىنى، ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى زور ئىشەنچ، كۆتۈرەڭگۈ خەيرەت ۋە يېڭى ئاۋاز بىلەن كۈيلىگەن شائىر ۋە يازغۇچى ئىدى» دەپ يازدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭمۇ يېپيېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ كەينىدىنلا يازغان «ئۆمەر مۇھەممىدى خاتىرىسىگە» ناملىق شېئىردا:

ئۇيغۇر ئاۋازىدا بىرىنچى بولۇپ
لېنىن يولىنى قاتتىق قوشاقتا.
دوستۇم، سېنىڭ شوخ ئاۋازلىرىڭ
ئايىماي، قانچىلىك كەتتى ئۇزاقتا؟
دىلىڭدىن ئۇرغۇغان ئاشۇ ئاۋازدىن
يۈرەك زوقلىرىغا ھۇزۇر ئالىمەن.
جاراڭلىق سازىڭنىڭ مىراسخورىمەن،
چالىمەن شۇ سازنى، مەڭگۈ چالىمەن.

دەپ ئەھدە قىلىدۇ. تېيىپجان بۇ ئەھدىنى ئاقلاش يولىدا ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلدى.

تېيىپجاننىڭ 1962 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئۆتكۈزگەن ئۆگىنىش ھاياتى ئۇنىڭدا چوڭ بۇرۇلۇش ياسىغان بىر باسقۇچ بولدى. ئۇ بۇ جەرياندا ماركسىزملىق نەزەرىيىلەرنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى، ئۆز ئىدىيىسىنى خۇلاسىلىدى، ھەق - ناھەقنىڭ چەك - چېگرىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇردى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا يېڭى ئىلمىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە ئىجادىيىتىگە ماركسىزملىق نەزەرىيىلەرنى ماھىرلىق بىلەن تەدبىقلىدى. بۇنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى چوڭقۇر پەلسەپۋىلىك رۇبائىلىرىدىن كۆرەلەيمىز:

مېنىڭلا راست دېيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ ئادەم بولىدۇ زومىگەر.
شەكسىزكى، ھەممىنى مۇشتلىغانلارنىڭ
ماكچىيار ئۇمشۇقى ھەممىدىن بەتەر

*　　　*

ھەممىمىز سۆزلەيمىز ھەقىقانىيەتتىن،
يىراق ئاشالمايمىز ئىمكانىيەتتىن.
نېمىمىز توغرا، نېمىمىز خاتا،
سورايلى، يولداش، ئەمەلىيەتتىن.

*　　　*

چاقچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بويسۇنمايدىكەن شەخسىي نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن
تايانسام پەقەت ھەممىيەتكە.

تېيىپجان پۈتمەس - تۈگىمەس «ھەرىكەت» لەردىن، «تەكشۈرۈش» لەردىن تولىمۇ بىزار ئىدى. ئۇ «بىز خىزمەتتىن مۇرەتلىردەك يۈيۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىپتىدائىي گۇناھنى كۆتۈرۈپ دۇنياغا كەلگەن ئەمەس» دەيتتى. تېيىپجاننىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى كۆپچىلىك دەۋرداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئەگرى توقاي بولغانىدى. چۈنكى ئۇ ئىلاھ ئەمەس، ئادەم ئىدى. ئەمما ئۇ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىن توغرا خۇلاسىلاشنى بىلەتتى. ئۇ بۇ جەھەتتە دادىل، ئۆزىگە تەلەپچان ئىدى، ئۆزىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرنى زادى ئەپۇ قىلمايتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تېيىپجاننىڭ بېشىغىمۇ ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى سالدى. شۇ كۈنلەردە تېيىپجان بىلەن ئەمگەك مەيدانىدا بىللە بولغان بىر كىشى ماڭا: «تېيىپجان كۈندۈزى قاتتىق ئەمگەك قىلىپ بەك چارچاپ كېتەتتى، يالىڭاياق ئىشلىگەچكە تاپانلىرى يېرىلىپ كېتەتتى، ئاخشاملىرى قارا چىراغ تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ پۇتىغا كىرگەن شوخا - تىكەنلەرنى يىڭنە بىلەن ئالاتتى، يېرىلغان جايلىرىغا چىراغ يېغى سۈر-

كەيتتى» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بېشىغا شۇنداق ئېغىر كۈنلەر كەلگەنىمۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىدىن تەۋرەنمىدى، ئۆز غايىسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەندى، ئۆز تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن تېخىمۇ چىڭ باغلىدى.

ئېگىلمىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

تېيىپجان بىلەن تونۇش بولغان ھەر قانداق ئادەم مانا مۇشۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ كەمتەرىن ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى تالانتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ياراتقان مول مەھسۇلاتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى بىلەن ھېچكىمگە غادايمايتتى، كىشىلەر بىلەن قىزغىن ۋە تەك - باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ياسالما ئەمەس، تەبىئىي ئىدى.

مەن بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خېنەنىڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلدىم. بۇ جەرياندا ئاتالمىش «ئۆلگىلىك تىياتىر» لارنىڭ ناخشىلىرىدىن باشقا ناخشا ئاڭلىمىغاچقا، ئۆز خەلقىمنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى، دوستلىرىمنىڭ ئاۋازىنى شۇنداق سېغىنغانىدىمكى، بۇ سېغىنىشىمنى چۆلدە قالغان يولۇچىنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېيىپجانغا خەت يازدىم ۋە ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسى ئەۋەتتىم. خەتتە: «بۇ لېنتىغا رادىئودا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنى ئەمەس، ئۆزئارا ئولتۇرۇشتا ئېيتىشقان ناخشىلارنى، ئۆزۈڭنىڭ يازغان شېئىرلىرىڭنى

دىكلاماتسىيە قىلىپ ئېلىپ ئەۋەتكىن،
مەن دوستلارنى، سىلەرنىڭ ناخشا ـ سا-
زىڭلارنى، ئاۋازىڭلارنى تولىمۇ سېغىندىم»
دېدىم. بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن بېيـ
جىڭدا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتـ
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلـ
دى. تېيىپجان شۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش
ئۈچۈن كەلگىنىدە ھۆسەنجان جامىنىڭ
تەمبۇرىنى ئايروپىلاندا ئۆزى تۇتۇپ
ئېلىپ كەپتۇ. ئۆزى بىلەن بىللە يىغىنغا
كەلگەن زىكرى ئەلپەتتا، ھۆسەنـ
جان جامى قاتارلىق بىر قانچە پېشقەـ
دەم يولداشلارنى بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆيـ
گە باشلاپ كېلىپ: «مانا ناخشا مۇزىكا
دېگەن. سېنى قانغۇچە ئاڭلاپ، تەشناـ
لىقىنى قاندۇرسۇن دەپ كەلدۇق» دېـ
دى. ناخشا ـ مۇزىكا باشلىنىشتىن ئاۋۋال:
«يېقىندا يازغان شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ
بېرەي، لېنتىغا ئېلىۋالغىن» دېدى. ھەمـ
مىمىزگە تونۇشلۇق بولغان جاراڭلىق
ۋە يېقىملىق ئاۋاز بىلەن «ئەللىككە
ئاتلاپتۇ يېشىم»، «قانداق قىلاي»،
«ئالدامچىنىڭ نالىسى»، «مەسەللەر» نامـ
لىق شېئىرلىرىنى ۋە بىر قىسىم رۇبائىـ
لىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىر كۈن
كەچكىچە ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىدۇق.

شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئېيتىلغان
«قارا كۆز» ناملىق ناخشا ماڭا تولىمۇ
يېقىملىق ۋە يېڭى تۇيۇلدى. مەن تې-
يىپجاندىن بۇ ناخشىنىڭ قاچان چىققانـ
لىقىنى سورىدىم. ئۇ «بۇ جەنۇبتا بار
ناخشا. غۇلجا تەرەپكە بۇرۇن تارقالمىـ
غان بولسا كېرەك، شۇڭا ساڭا يېڭى تۇـ
يۇلغاندۇ» دېدى. ئارىدىن بىر قانچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تېيىپجان يەنە
ھۆسەنجان باشلىق بىر قانچە يولداشنى
باشلاپ كەلدى. ئۇ چاقچاق ئارىلاش:
«ئۆتكەندە «قاراكۆز» ناخشىسىنى تازا
ياخشى ئېيتالىسانىدەك قىلىمىز. شۇ ناخـ
شىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىش
ئۈچۈن كەلدۇق» دېدى. شۇنداق قىلىپ
يەنە بىر كۈن ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن
ئولتۇردۇق.

بۇ ئىككى قېتىملىق ئولتۇرۇشتا
ئېيتىلغان شېئىر، ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ
ھەممىسىنى لېنتىغا ئېلىۋالغانىدىم. كېيـ
يىنكى چاغلاردا ئۇنى پات ـ پات قويۇپ
ئاڭلاپ ھوزۇرلىناتتىم. ئەمما بۇنىڭ
تېيىپجاننىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن
قىممەتلىك خاتىرىسى بولۇپ قالىدىغانـ
لىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

تېيىپجان يولداشلارغا ئىنتايىن
كۆيۈنەتتى. ئۇ ئاغرىق يېتىپمۇ، شوپۇرىغا
يوقلاپ چىققان زۇنۇن قادىرىنى كۆرسىتىپ
«بۇكىشى مېنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان
دادامغا ئوخشاش ئادەم. كېيىن بىرەر
جايدا زۇنۇنكامنىڭ پىيادە كېتىۋاتقانلىـ
قىنى كۆرۈپ قالساڭ، ماشىناڭغا سېلىـ
ۋالغىن» دېگەنلىكى، ئۆزىنى يوقلاپ
چىققان يەنە بىر پېشقەدەم يولداشقا
«سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس،
كېسىلىڭىزنى داۋالىتىشقا دىققەت قىلىڭ،
كېچىكتۈرۈپ قويماڭ» دەپ كۆيۈنگەنلىـ
كى، ئۇنىڭ تولىمۇ مېھرىبان ئادەم ئىـ
كەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئېسىل بىر ئىنسان
بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. ئۇ دەۋرىمىز-
نىڭ كۈيچى بۇلبۇلى ئىدى. ئۇنىڭ گۈ-
زەل شېئىرلىرى ئۇ ئۆزى سۆيۈپ مەدھىـ
يىلىگەن ۋەتەن،خەلق،تەبىئەت بىلەن بىللە
مەڭگۈ ياشايدۇ. تېيىپجاندەك تالانت
ئىگىسىنى يېتىشتۈرگەن تەڭرىتاغ ئۇنىڭ
يەنە كۆپلىگەن ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ
چىقىدۇ.

ئەلۋىدا، دوستۇم تېيىپجان! سەن
خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايسەن!

مەسئۇل تەھرىر: ك. تۇرسۇن

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## ئەلۋىدا، ئۇستاز

نەيلەيمەن تەتۈر پەلەك سالدى جۇدالىق زارىنى،
قاپلىدى ئاھۇ-پىغان سەنئەت بېغى-گۈلزارىنى.

تەۋرىدى يەر-زېمىن، تۆكتى كۆزىدىن ياش ساما،
ئەل ئۇزاتقاندا ئەلەمدە شېئىرىيەت سەردارىنى.

يىغلىدىم سىنەمنى تىرناپ، داد سالدى قەلبىم ئۆرتىنىپ،
قايسى تارىخ كۆردى، ئېيتقىن، مەن كەبى ھازدارىنى؟

سەن ئىدىڭ ئەلنىڭ ناۋايى ھەمدە بايرۇن، پۇشكىنى،
قاندۇرۇپ كەلگەنىدىڭ ناخشاڭدا دىل خۇمارىنى.

كەتتىمۇ ئايرىپ پەلەك جىسمىڭنى بىزدىن، ۋادەرىخ،
«تۈگىمەس ناخشاڭ» ھايات، چېكەر يۈرەكنىڭ تارىنى.

ئەلۋىدا، ئۇستاز، قەدىردان، قالدۇرۇپ كەتتىڭ ماڭا
يۈرىكىڭ يالقۇنلىرىنى، ئارمىنىڭ ئەشئارىنى.

جۈرئىتىڭ بولدى نامايان قەدىمىڭ، كۈلكەڭ بىلەن،
ئىز بېسىپ كۈيلەيدۇ بۇلبۇل بەختىمىز گۈلزارىنى.

ئايتقالى ئوسپان (قازاق)

## ئۇستاز تېيىپجانغا

ئېھ، ھايات، يولۇڭ ئەگرى،
يولۇڭ داۋان،
ئېھ، ئەجەل، رەھىمسىزسەن، پەيلىڭ يامان.
سەزگۈسى دولقۇن ئاتقان دەريا كەبى
بىر يۈرەك تىنىدى بۈگۈن،
يىغلا جاھان!

مۇڭلىنىپ ئۆمچەيدى ئاي،
دەردلىك ئەتراپ،
قار ياغدى قاپقىدىن تۈننىڭ دەرھال.
باغلىدى تەڭرىتاغمۇ بېلىگە ئاق،
قۇياشنىڭ يېشى دەريا، بەستى تال-تال،

يۈرگەنتۇق بىز كۈتمىگەندە كۆل-بويىدا!
زوقلىنىپ چىمەندىكى شوخ گۈللەرگە.
ياڭرىتىپ ئاشۇ مەشھۇر «ناخشا» ڭىزنى،
كۆمگەنتۇق «تاش ئورمان»نى ئوت كۈيلەرگە!

تاڭ قىلىپ قازاقنىڭ كەڭ سەھراسىغا،
ئالتايدا يۈرگەنتىڭىز ئىلھام ئېلىپ.
كۆكاتقا دومىلىتىپ ئەركىلەتتى،
قوينىنى داللاردەك ئاچقان خەلق.

ئات مىنىپ، ھېكمەت ئىزدەپ قىرلار ئاشقان،
چاقچىقى، شېئىرلىرى مەپتۇن ئەتكەن،
«ئاق بىلەن قازاقلارنىڭ كىندىكى بىر»
دېگەن زات قېنى ئەمدى،
نەگە كەتكەن؟

قازاقتا يېقىنتىڭىز شائىر ئۇستاز،
بىرنى ئۈز، بىرنى بۆلەك دېمەيتتىڭىز.
پىرلىقنى سىزگە بەرگەن شېئىرىيەت،
چېكىنىش، چەتنەشلەرنى بىلمەيتتىڭىز...

ئەسلىسەڭ سىزنى، تەكە، زور ھۆرمەتتە،
چۆمۈمىز قايغۇ ـ ھەسرەت دېڭىزىغا.
ياش بىلەن يۇيۇلدى يۈزلىرىمىز،
قادالغاچ بۇ جۇدالىق تىكىنى جىنىمىزغا.

ئوغلانى ئىدىڭىز سىز بار مىللەتنىڭ،
تەڭداشسىز ئېسىل باش كۆي بولۇپ قالغان،
چۈشتىڭىز ئېقىپ كۆكتىن يۇلتۇز كەبى،
گۈلتىڭىز ئىزگۈلىكتىن ھۆسن ئالغان.

تارتىپمۇ جاپالارنى پاتمان - پاتمان،
تۇردىڭىز چوققىدىكى قار گۈلدەك.
خەنجەرلەر ئۇرۇلسىمۇ تېنىڭىزغا،
شوللار قەلبىڭىزگە ئورنىدى بەك...

سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئۇستاز،
تۈگىمەس ناخشىڭىزدىن تويلار تولسۇن!
تۇرماقتا مۇنارىڭىز بوغدا كەبى،
ئەمدىكى ماكانىڭىز جەننەت بولسۇن!

**مۇھەممەتجان راشىدىن**

## ئەلۋىدا!

يەتمىگەندەك بىزگە كەلگەن ھازىلار،
ئەجەب، شائىر، سەنمۇ يەنە كەتتىڭغۇ؟!
قانماي تۇرۇپ بىر-بىرىمىزگە بىرىمىز،
دىدارىڭدىن بىزنى جۇدا ئەتتىڭغۇ؟!

چىللاپتىمۇ سېنى دوستۇڭ خوجايوپ،
سېغىنغاندىڭمۇ زىكرىڭدىكى ۋە ياكى.
بولدۇڭ بىزگە، ئاڭلىغىلى كەتكەندەك
داۋۇتجاننىڭ ناخشىسىنى گويا كى.

ئاق باغلىدى بوغدا يەنە بېلىگە،
كۆتمىگەندە يەنە قاتتىق كۈن كېلىپ.
يىغلىماقتا قورغاسلىقلار ئاھ ئۇرۇپ،
يىغلىماقتا پاختەكلىمۇ ئۈن سېلىپ.

بۇ دۇنيادىن سەن راستىنلا كەتتىڭمۇ؟
بېشىڭدا بىز، بىز ئاچچاڭچۇ كۆزۈڭنى.
ئىشەنمىدىم: راست ئۆلۈممۇ، بىراۋمۇ
ئاق داكىدا يېپىپ قويغان يۈزۈڭنى؟

بىر گۈل ئىدىڭ، توزۇپ كەتتىڭ، ۋاي ئېسىت،
تالاي - تالاي جۇدۇنلاردا سولمىغان.
يۈرەتتىڭغۇ تۈنۈگۈنلا گۈرسۈلدەپ،
قىران ئىدىڭ ئاتمىشقىمۇ تولمىغان.

تەڭرىتاغنىڭ پەخرى ئىدىڭ قەلەمدە،
شېئىرلىرىڭ ئەلنى گۈلگە ئورايتتى.
باھار كېلىپ تۇتۇنغاندا ناخشىغا،
بۇلبۇللارمۇ سەندىن قوشاق سورايتتى.

سۆمۈرەتتى يۈرىكىمىز قىيام دەپ،
قەلىمىڭدىن تامغانلارنى قۇرلارغا.
مىسرالىرىڭ تىزىق - تىزىق مەرۋايىت،
پىكىرلىرىڭ ئوخشار ئىدى دۇرلارغا.

قەلەمكەشلەر سورۇن تۈزسەك بىر يەردە،
كەلگەن ئىدىڭ تۆرىمىزگە يارىشىپ.
ئىلنىم بىلەن ھېكمەت ئاققان ئاغزىڭغا
ئولتۇراتتۇق كەچكىچىلا قارىشىپ.

غەزەللىرىڭ مەشئەل بولۇپ ئالدىمدا،
ئىزلىرىڭدىن تاپقان ئىدىم يولۇمنى.
ناخشىلارغا ئۈندەپ مېنى ئۆزەڭدەك،
يېتەكلەشكە تۇتقان ئىدىڭ قولۇمنى.

قەلەمدىكى قۇرامىڭنى ئويلىساق،
تېخى، شائىر، قىران ئىدىڭ، ياش ئىدىڭ.
بورانلاردا بايراق تۇتۇپ ئىز ئاچقان،
سېپىمىزگە سەردار ئىدىڭ - ياش ئىدىڭ.

قىرىق يىللىق ئىجادىڭدا مۆجىزە،
ئاتمىش يىللىق ھاياتىڭدا شەرەپشان.
شارقىرىغان ئاۋازىدا سەن ئۈچۈن
يىغلار ئىلى، تارىم، ئېرتىش، زەرەپشان.

ئەلۋىدا، ئەي ئەزىز شائىر، ئەلۋىدا،
ساڭا تۈمەن قەلەم دەيدۇ ئەلۋىدا.
ئىلھامىڭدەك ئۇقچۇپ تۇرغان بۇلاقلار
ھەم ساناقسىز چىمەن دەيدۇ: ئەلۋىدا!

سەلەي قاسىم

## ئەلۋىدا، شائىر ئاكا!

سەن شېئىر تۇلپارىغا يۈگەن سېلىپ،
بەك ئۇزۇن سەپەرگە چىققان باشتا سەن.
سەن قىلىپ قەلەمنى شەمشەر بىر ئۆمۈر،
گۈل چېكىپ ئۆتتۈڭ چىرايلىق تاشقا سەن.

ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتۈپتۇ ئويلىسام،
ئىككىمىز ئاكا - ئۇكا بوپ ئۆتكىلى.
ھەسرىتا، ھاجەتمىدى، ھېچ بىلمىدىم،
سەن كېتىپ، مەن مۇڭلىنىپ ياش تۆككىلى؟

بىز رىيازەت چۆلىنى كەزگەنىدۇق،
شۇم نىيەت ئالۋاستىدىن بەزگەنىدۇق.
قايتا تاڭ ئاتقاندا باغدا جەم بولۇپ،
ئۆزگىچە راھەت - ھۇزۇر سەزگەنىدۇق.

سەندىكى ئىنسانىي خىسلەت ساز ئىدى،
ھاجىتى چۈشكەنگە باغرىڭ ياز ئىدى.
سەن شېئىر گۈلزارىغا جان كۆيدۈرۈپ
ئىشلىدىڭ،...
تارتقان چاپايىڭ ئازمىدى؟!

كۆڭلىمىزنى بىلىشىپ ئىزدەشكىلى
نەدە پۇرسەت، ئالدىراپ يۈرگەنىدۇق.
ئەل - ۋەتەن، مىللەتنى ئويلاپ كۈن-تۈنى،
ئىزدىنىپ شېرىن خىيال سۈرگەنىدۇق.

ئىززىتىڭنى بىز قىلىپ، ئۆلگۈر مىدۇق،
بۇنچە تېز بولار... دېگەننى بىلمىدۇق.
بىلمىمىزدە ئاق مانا،
نە قىلغۇلۇق،
مۇڭلىنىپ «ئاھ...!» دەپ ئېزىلىپ يىغلىدۇق.

ئاچقىنىدا ياخشى كۆڭلەر كەڭ قۇچاق،
ئارىمىزدىن سەن كېتىپ قالدىڭ ئەجەپ.
قايغۇ ۋە ھەسرەتتە قالدى دوستلىرىڭ،
«قەلبىمىز ھىجران ئوتىدا ياندى» دەپ.

ئېچىلىپ كەتكەن ئىككىمىز، ئەلۋىدا،
ئايرىلىش ئوتى ئەزدى ھەممىنى.
ئارىمىزدا خۇشتاقا بۇلبۇل ئىدىڭ،
مەست بولۇپ كۈيلەپ ئۆتەتتىڭ غەلبىنى.

ئەلۋىدا، شائىر ئاكاجان، ئەلۋىدا!
قەلىمىڭنى بەر ماڭا گۆھەر قازاي،
تۈگىمەس ناخشاڭنى ئېيتىپ بىر ئۆمۈر
ئەل ـ ۋەتەننىڭ بەختىنى كۈيلەپ يازاي.

روزى سايىت

## ئۇ ياشايدۇ شېئىرىدەك ئۇزاق

كۆڭلىمىزگە يېقىنتى،
بىراق
يۇرتىمىزنىڭ ئارىسى يىراق.
شۇ يىراقلىق تۆپەيلى سېنىڭ
چىقالمىدىم تۇپراق بېشىڭغا
ھازاڭنى ئېچىپ،
باغلالمىدىم ماتەمىڭدە ئاق.
ئەجەپ قەدرىڭ ئۆتتۈلمەپتىكەن
يۈرگىنىڭدە ئارىمىزدا ساق.

قۇتۇلغاندا ئاتمىش يېشىڭنى
يېقىنداىلا گېزىت يۈزىدە،
قەلەمكەشكە سۆزلەپ بىر ئوبدان،
باقماپتىمىدىڭ ئۈمىد كۆزىدە.①
ھېچقانچە كۈن ئۆتمەي ئارىدىن،
تېلېۋىزوردا چاقماق چېقىلدى:
دېكتور ئېيتقان جۇدالىق سۆزى
بۆسۈپ ئۆتۈپ قولاق پەردەمنى،
يۈرىكىمگە مىختەك قېقىلدى.

ئايىغىمدا تەۋرىدى زېمىن،
باش ئۈستۈمگە تاغلار يىقىلدى!...

يېرىمىدىن سەللا جىق ـــ سەللا،
«ئاتمىش» دېگەن ئىنسان ئۆمرىنىڭ.
قىيامىغا يەتكەن مەزگىل ئۇ،
ئاچچىق ساۋاقلار
بوران ـ چاپقۇنلار،
تاۋلاپ چىققان ئۆمۈر دەۋرىنىڭ.
ئاغا ئاكا، ئاتا دېيىشەتلەر
داخىل بولۇپ، تويۇ مەشرەپكە
يۈرسە پەيزىن سۈرۈپ ھاياتىنىڭ،
ئاتمىش ياشتا كېتىپ قالسا ئۇ،
تېزگىنىنى تۇتماقمۇ تەسكەن
تاقەت ـ سەۋرىنىڭ.

خىيالىمدا ئۇ
ئەمەس ھەرگىز ۋاپات بولغاندەك،
بىزنى ھىجران ئوتىغا سېلىپ،
«بارسا كەلمەس يۇرت»قا كەتكەندەك،

① مەرھۇمنىڭ ئۈرۈمچى «كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تۇيۇلدۇ ئۇ،
ھېلى يوقلاپ كېلىدىغاندەك.
چاقچاق قىلىپ «روزى گادايى» دەپ،
قاھ ـ قاھ سېلىپ كۈلىدىغاندەك...

دېسە ئەگەر «تېيىپجان كەپتۇ»،
گويا تويغا باغاق تەگكەندەك
جەم بولاتتى ناتونۇش، ئۆزلەر.
تىكىلەتتى،
تەلمۈرەتتى ئۇنىڭ ئاغزىغا
چاقنىغان كۆزلەر.
قىزدىيتتى سورۇن،
ياتسىراش نېمە،
بىردەمدىلا باشلىنىپ چاقچاق،
ئېيتىلاتتى چىن پاراڭ ـ سۆزلەر.

خىسلەت دېسە شۇنى دېگۈلۈك:
سىڭەلەيتتى ئاۋام كۆڭلىگە
يۇمۇرغا باي چۈچۈك گەپ بىلەن.
ئاددىيغىنە تىل،
يېنىك ۋەزىندە
چوڭ تېمىنى ئاچالايتتى ئۇ،
ئازلا كۈپلېت ـ ئازلا گەپ بىلەن.

«ئالما شېخى ئېگىلىدىكەن
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى»①
شۇ مېۋىلىك ئالمىغا ئوخشاش،
كەمتەر ئىدى،
يوقتى كىبىرى.
ئېگىز ئەمەس ئىدى «ئوقۇرى»
كۆرمەيتتى مۇتلەق
ئۇنى تۆۋەن،
بۇنى يۇقىرى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى
(بولغىنىدا ئىلى سەپىرى)①
قىز قۇۋاردا قوغلاپ كېلىنچەك،
ئۆلەڭ ئېيتىپ يۈرگەنتۇق بىرگە...
يارىن پەيزى،
قىمىز پەيزىنى
كېگىز ئۆيدە سۈرگەنتۇق بىرگە...

«لىق»، «لىك» دېمەيتتى،
يۇرتنى ئايرىپ، بۆلۈپ يۈرمەيتتى.
يۈزى بىر ئىدى،
سۆزى بىر ئىدى.
ئىككى بىسلىق كۈلۈپ يۈرمەيتتى.
بار ئىدى نەق شاپۇر خىسلىتى،②
ھەرگىز مەككار قارا باتۇردەك③
قاپ ئارىدىن تىكەن بولۇپ
ئۇنۇپ يۈرمەيتتى.

ئۇ دېگەن ماڭا:
«...شائىر بۆلەك، شائىرلىق بۆلەك،
(بىرسى ھۈنەر، بىرسى ئىشتىياق).
ھۈنەر يەتسە كامالىتىگە،
گۈل ئۈندۈرەر چېچىپ خۇش پۇراق.
ئەمما شائىرلىق
ۋىسالىغا يەتكۈزمەس، ئىنىم،
كۈن ـ تۈن بى تىنىم—
ئىشق يولىدا چەكمىسەڭ پىراق.»

«شېئىر يازماق ئاسان،
شائىر بولماق تەس،
سايلام بىلەن چىقمايدۇ شائىر.
ئەل قەلبىنى سۆزلىيەلىسەڭ،

① تېيىپجاننىڭ رۇبائىيسىدىن ئېلىندى.
② شاپۇر — شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئورتاق بولغان ۋاپا، دوستلۇق سىمۋولى.
③ قارا باتۇر — «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىدىكى سەلبىي پېرسوناژ.

يۇرت بەختىنى كۆزلىيەلىسەڭ،
تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بولسا بىر،
خەلق بېشىدا كۆتۈرەر ئاندىن،
شائىرلىقتا شۆلا مىزان-گىر،
لېكىن، ئىنىم، بۇ يوڭ بەك ئېغىر...»

«بولاي دېسەڭ ئەلنىڭ شائىرى،
ئەركىن پىكىر قىل،
كۆزنى يۇمۇپ قۇرۇق گەپ ساتما!
ئەقنى سۆزلە، ھەرگىز پو ئاتما!
مەزھەپ ئۈچۈن چېپىپ تور تارتما!!!...»
بۇ تۇرپاندا دېيىلگەن گەپتى،
ئۈچ يىل بۇرۇن بارالڭ ئاستىدا.
قىممىتىنى بىلمەپتىكەنمەن
كۆلكە-چاقچاق پاراڭ ئاستىدا...

ئۇ ئىدى گۆھەر
شېئىرىيەت تاجىسىدا پارلاپ تۇرغان.
ئۇ ئىدى ئىنجۇ،
لەۋزىدىن،
ئەشئارىنىڭ قات-قېتىدىن
خۇش بۇي پۇراق-ھىد چاچراپ تۇرغان
ئۇ ئىدى سەرۋەر،
بىزگە ئىشى زەپ ياراپ تۇرغان...

شۇنداق بىر زات ئۆلەمدۇ؟
ياق، ياق!!!
ئۇ ياشايدۇ شېئىرىدەك ئۇزاق.
سېغىنىدۇ، يادلايدۇ يۇرت-يۇرت،
ئۆز ئوغلىنى ئۇنتۇمايدۇ ئەل،
تۇرغۇزىدۇ مەڭگۈ ھەيكەل،
ئىشەنمىسەڭ كەلگۈسىگە باق!

* *

**ياسىن داموللامىسىرى** (ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دىنىي زات)

## مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە

پىر تۇتۇپ، شائىر، سېنى، باسقان ئىدىم ئەمدى قەدەم،
ئۈچرىشارمىز دەپ كېلىپ ئەزدى يۈرەكنى بۇ ئەلەم.
سەن ئىدىڭ ئەي دىلبىرى، شائىر كۆزىنىڭ گەۋھەرى،
روھ قۇشۇڭ پەرۋاز قىلىبان يىغلىدۇق ياش ۋە قېرى.
بىرەھىم، تەرسا ئۆلۈم رەھمە ئەتمىدى شەپقەت بىلەن،
مەغپىرەت بولسۇن ساڭا، جەننەتتە ھۆر رەھمەت بىلەن.
سۆزلىسەڭ ئەپرەت بىلەن ئوقيا ئىدى ئۆتكۈر تىلىڭ،
ئابى كەۋسەر چەشمىسى فونتان ئىدى ئوتلۇق دىلىڭ.
سالدى قول جاللات ئەجەل، كەتتىڭ، بۇرادەر، بىمەھەل،
خەلقىمىزنىڭ شەمئىدىن ئۆچتى پەلەكتىن بىر زۇھەل.
چارىمىز يوق، بەندە بىز دەھشەت ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن،
ئايرىلىپ قالدۇق بۈگۈن مەڭگۈ بۇرادەر ۋەسلىدىن.
مەرسىيەم ئازلىق قىلۇر، ئاجىز تېخى مىسكىن تىلىم،
قانمىغان شېئىرلىرىڭغا زوق بىلەن تەشنا دىلىم.
ئېيتىمىز تاقەت بىلەن: «ئىننائىلەيھى راجىئۇن» —
شائىرىمگە، ئي خۇدا، جەننەتتە بەرگەيسەن ئورۇن.

مۇتەللىپ قىرانى

## ھەر يۈرەكتە قەبرەڭ بار سېنىڭ

ئۆششۈك تېگىپ تۆكۈلگەن ياپراق
يەر ئانىنى قۇچاقلاپ سۆيەر.
جۇدالىقنىڭ ئەلىمى يەتسە،
يۈرەك مۇڭلۇق، ئىزگۇ كۈي تۆكەر.

دەريانىڭمۇ توختاپ شاۋقۇنى،
مۇڭ ئىچىگە كۆمۈلدى ئاستا.
كۆزدىن يۇمدى شائىر ۋە لېكىن
ھەر قەلبتە تۈگىمەس ناخشا.①

مونچاق تاقاپ ئارچا ياپرىقى②
ھازا ئاچار شىلدىرلاپ شۇ دەم.
رەجەپچاننىڭ سۇنايلىرىدىن③
ئاڭلىنىدۇ ھەسرەت ۋە ئەلەم:

كۆزۈڭ يۇمدۇڭ شائىر جۇرئىتى،
سىلىپ قويۇپ يۈرەككە سۆيگۈ.
ھەر يۈرەكتە قەبرەڭ بار سېنىڭ،
ئاھ، ھاياتسەن، ھاياتسەن مەڭگۈ.

ئابدۇللا سۇلايمان

## مېنىڭ تىنسىز تۆھپە كۆرمەيدۇ

ئاھ، قەلبىم ئاسمىنىنى تۇمان باستى
قايغۇلۇق خەۋەر يەتكەن ئاشۇ كۈنى.
ۋۇجۇدۇم غەرق بولۇپ ياش كۆلىگە،
كۆزۈمدىن ئاقتى شۇدەم ياش كەلكۈنى.

ئەجەلگە قويدۇم ئاچچىق سوئاللارنى،
جاۋابسىز قالدى، كۆردۇم چۈش سەھەردە.
چۈشۈمدە شائىر بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتۈم نۇرغا تولغان شۇ شەھەردە.

ئۇ باشلاپ مېنى داغدام يوللار ئارا
قىلدۇردى سەيلى سەنئەت بېغىمىزنى.
كۆرسەتتى ئىپتىخارلىق ھېسسى بىلەن
كۆك سۆيگەن قارلىق چوققا — تېغىمىزنى.

قولىنى تۇتتۇم ئۇنىڭ زور ئىشەنچتە،
ئۆرلىدۇق مەنزىلىرى داۋان ئېشىپ.
قىلغاندا شوتا ماڭا يەلكىسىنى،
ھۆرمىتىم باردى ئاڭا دىلدىن تېشىپ...

يۈزلۈدى چۈشۈم خوراز چىللىشىدىن،
سۇبھىدە كۆردۈم ئۇپۇق پايانىنى.
كۆزلىرىم تىكىلگەنچە نۇر ئىچىگە،
تىڭشىدىم زېمىنىمنىڭ ئۈن - بايانىنى.

قەدىمىي قارا قۇرۇم دېدى مۇنداق:
«مېنىڭدە كۆپەيەي بىر يۈكسەك چوققا.»
يورۇڭقاش دولقۇن ئۇرۇپ دېدى مۇنداق:
«ئۇ بىلەن تەڭ ئاقىمىز بۇ كەڭ يۇرتقا.»

ئەمدىلا ئۆرلەپ چىققان قۇياش ئېيتتى:
«مەن ئۇنى نۇر ئىچىگە بۆلەپ قويدۇم.»
تۇپراقمۇ ئېيتتى شۇنداق سۆزنى تەمكىن:
«ئۇ بىلەن گۈل - گىياھقا تىرەك قويدۇم».

①②③ تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، «ئارچا»، «چال ئوغلۇم» ناملىق شېئىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سۆيۈنسەم بۇ باياندىن يېشىم سۇرتۇپ،
ئالدىمدىن ئۆتتى شائىر خىسلەتلىرى.
ئۇ كۆرگەن ئاتمىش باھار، ئاتمىش ئاياز
ۋە ئۇنىڭ ئەجرى، چەككەن قىسمەتلىرى.

ئاڭلاتتى قايتا دىلىم ئۇن ئالغۇسى،
ئۇنىڭ ئەل ئۆمرىدەك شوخ كۈيلىرىنى.
ئېسىمگە ئالدىم شائىر داخىل بولۇپ
قۇتلىغان ئېلى، تارىم تويلىرىنى.

ئېسىمگە ئالدىم ئۇنىڭ بېغىمىزدا
تەلەپچان باغۋەن بولغان چاغلىرىنى.
ئېسىمگە ئالدىم ئۇنىڭ قەلەم بىلەن
ئاشقان كۆپ ئۆتكەل - داۋان، تاغلىرىنى.

ئېسىمگە كەلدى ئۇنىڭ ھەر قەدەمدە
قىلغىنى ئەمەل يازغان نەزمىسىگە.
ئېسىمگە كەلدى ئاتلىق چاقچىقىدا
بەرگىنى ھۇزۇر دوستلار بەزمىسىگە.

مېنىڭ كۆزدە باقتىم شائىر تېيىپجاننىڭ
بىر ئۆمۈر باسقان بۈيۈك ئىزلىرىغا،
زوقلاندىم ئېيتىپ «تۈگىمەس ناخشا» قوشاقلار،
ئىز بېسىپ كەلگەن ئوغۇل - قىزلىرىغا.

نامزاتسىز ۋە سايلامسىز بۇ زور شۆھرەت
ئۇنىڭغا ئەل - زېمىندىن كەلدى شۇڭا.
مىننەتسىز ئەجىر - تۆھپە كۆمۈلمەيدۇ
دېدىم، ئۇ كۆتۈرگەن تۇغ ئىسپات بۇڭا.

ئۆزۈمگە ئېيتتىم: ئەگەر يازماق بولساڭ،
ئۆگەنگىن باشتىن ئۇنىڭ ناخشىسىنى.
قىل ئۆرنەك ئادەملىكنىڭ يوللىرىدا
ئىنسانىنىڭ تېيىپجاندەك ياخشىسىنى.

ئابدۇللا ساۋۇت

## ئەلۋىدا

ئاڭلاپ ۋاپاتىڭنى دېدىم، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا،
ماتەم تۇتۇپ زار يىغلىدىم، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

ئەل ئاھىدىن پۈتتى گېپىمىز، ئاۋازىدىن تىترەپ زېمىن،
سالدى چۇقان ياشۇ - قېرى: شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

«جەڭچى ئاكامغا»نى ئوقۇپ، چىققاندا كۆپلەر ئات توقۇپ،
بەرگەن كوماندا ئالغا، دەپ، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

رىغبەتلىرىڭدىن كۈچ ئېلىپ، مېھنەتلىرىڭدىن يېتىلىپ،
تۇرغاندا سەپكە، سەن قېنى، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

مۇخلىس ئىدۇق، سەن پىر ئىدىڭ، گۈلزار ئارا بىر گۈل ئىدىڭ،
سولدۇڭ قويۇپ داغدا ئەجەپ، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

جىسمىڭ لەھەتكە كۆچتى، ئاھ... نۇرانە چولپان ئۆچتى، ئاھ...
ئەمما ھايات روھىڭ سېنىڭ، شائىر تېيىپجان، ئەلۋىدا.

ئەخمەت پاسار

## ئۇلۇغ شائىرغا

ئۇلۇغ شائىر، ۋاپاتىڭدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى،
كۆزۈم دەرياسى تاشقىنلاپ، پىغانىم ئەۋجىگە كەلدى.
جۇدالىق زۇلمىغا ھېچبىر چىداشقا قالمىدى تاقەت،
يۈرىكىم زەخمىدىن خۇن - خۇن بولۇشنىڭ پەيتىگە كەلدى.

ئۇسسۇل - ناخشا دىيارىنىڭ چىنارىدىك ئېگىز ئۆسكەن،
قارا ئۆتمۈشكە بوي بەرمەي تۇمانلار باغرىنى بۆسكەن.
ۋەتەن مېھرى بىلەن ياشناپ، ۋەتەنگە ئىشقىنى باغلاپ،
كۈلا كەيسەڭمۇ ئۆلكەڭدە گويا شاھتەك خۇشال ئۆتكەن.

ئىجادكار زات ئىدىڭ تىنىماس ئىجاد ئەمگىكىدىن بىر دەم،
ھاياتنىڭ خۇشناۋاسىدىن ئېلىپ شېئىردىي نەپەس ھەر دەم.
شۇڭا داستانلىرىڭ تارقاپ جاھان ئەھلى ئاراسىغا،
بولۇپ كەلگەنىدى شادلىق ۋە ياكى دەردىگە ھەمدەم.

ئىدىڭ سەن ئۆز ئانا خەلقىڭ تىلىنىڭ ئۇستىسى دانا،
بېرىپ جان ئاددىي ھەر سۆزگە بەخش ئەتكەن ئۇلۇغ مەنا،
سېنىڭ يازغانلىرىڭ يارقىن پىكىر ئوبرازىنىڭ قەسرى،
لېكىن كەمتى ئىجادىڭدا شۇئارۇ ھەم قۇرۇق مەنا.

ئۆزۈڭ نەگە قەدەم باسساڭ، شۇ يەردە ئۇلغىيىپ شادلىق،
بولاتتى جەم بۇرادەر - دوست، ئۆزۈڭ سورۇنغا چوڭ باشلىق.
قىلىپ تەڭكەش دۇتارىڭنى مۇقام ئېيتساڭ، قوشاق قاتساڭ،
كۆڭۈل يايراپ كۈلەتتى جان، قىزىپ چاقچاقلىرىڭ تاتلىق.

سېنىڭدەك چىن قەدىرداندىن چىدايدۇ ئايرىلىپ قاي جان؟!
غەزەلخانىمدىن ئايرىلسا غېرىب بولمامدۇ گۈل - بوستان؟!
ئۆمۈرنىڭ چوڭ سەپىرىدە ھامانە بىز ئۆلەر ئىنسان،
مەگەر سەندەك ياشاپ ئۆتسە، قالۇر نامى بولۇپ داستان.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## سەن ياشايسەن ئەلنىڭ قەلبىدە

ئۆلۈم خەۋىرىنىڭ كەلگەندە يېتىپ،
چاقتى چاقماق، ئايلاندى بېشىم.
يۈرىكىمگە دەز كەتتى شۇ دەم،
كۆزلىرىمدىن تاراملاپ يېشىم.

ئەسكە ئالدىم، قاشىڭغا بويسۇن
«قىزىل قوۋۇق»غا چۈشكەن يېنىڭنى.
ئەسكە ئالدىم ئەلچى بويىدا
جاراڭلاتقان ئوتلۇق كۈيىڭنى.

خۇش تەبەسسۇم، ئىللىق چىرايىڭ
كۆز ئالدىمدا بولغاندا ئايان،
ئېسىل خىسلەت، پەزىلىتىڭنى
تۇرالمىدىم قىلماستىن بايان.

ئەسكە ئالدىم مۇشكۇللەردىكى
ئۆمىدۋارلىق، شىجائىتىڭنى.
ئەسكە ئالدىم بوران - چاپقۇنغا
دۇچ كەلگەندە جاسارىتىڭنى.

ئەسكە ئالدىم تۆھپىلىرىڭنى —
ئىجادىڭنى، كىتابلىرىڭنى.
ئەسكە ئالدىم يۈرۈشلەردىكي
جەڭگىۋار كۈي - خىتابلىرىڭنى.

سېنىڭ نەزمەڭ سۆزۈك بۇلاقتەك
تەشنا دىلغا بەرگەچكە دەرمان،
قانچە ئادەم سېنىڭ بىلەن بىر
كۆرۈشۈشنى قىلاتتى ئارمان.

ئەسكە ئالدىم دېھقان قەلبىدىن
ماۋزېدۇڭغا يازغان خېتىڭنى.①
ئەسكە ئالدىم پاختەكلىدىكى
ھۆرمىتىڭنى، ئىناۋىتىڭنى.

سېنى ئىللىق باغرىغا ئالدى
پەخىرلىنىپ بۇ ئانا تۇپراق.
سەن ياشايسەن ئەلنىڭ قەلبىدە
تەڭرى تاغنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزاق.

ماخمۇت مۇھەممەت

## تەڭرىتاغ ماتەمدە

تەڭرىتاغ ماتەمدە بۈگۈن، بۇ سائەت،     ئەمدىلا ئەقلىمنى تاپقان چېغىمدا،
پەلەكتىن ئېلىڭ دادكى، تۆمەنىمىڭ ۋاي - دادا!     شېئىرنى تونۇغان تېيىپجان ئۇ، دەپ.
ئۇيغۇرنى قالدۇرۇپ شېئىرسىز گويا،     «تۈگىمەس ناخشا»دىن مۇڭ ئالغىنىمدا،
بىر ئەجداد كۆز يۇمدى، چولپان كۆز ئەجداد.     ئويلايتتىم، شۇ ناخشا تېيىپجانغۇ، دەپ.

---

① شائىرنىڭ يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پاختەكلى دېھقانلىرىنىڭ نامىدىن يېزىلغان «ماۋجۇشىغا خەت» شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىز شائىر دېگەنتى مىللىتىمىزنى:
«شېئىرىيەت مىللىتى، شېئىر مىللىتى.»
مەن دەيتتىم: شېئىرىيەت — تېپىنچان ئۆزى،
شېئىردا مۇجەسسەم ئۇنىڭ خىسلىتى.

شېئىر ئۇ ھاياتتۇر، يۈرەك سۆزىدۇر،
ئۇ قېنى ئىنسانىنىڭ، جېنى ئىنسانىنىڭ.
بۈگۈن مۇسىبەتتىن كۆزى ياش شۇڭا
شېئىر سۆيگەن ئەلنىڭ، جېمى ئىنسانىنىڭ.

شېئىرىيەت بېغىنىز چۆلدەرەپ قالدى،
بۈگۈن ماتەمدۇر جېمى مىسرالار.
ئاكىجان، روھىڭىز يۈكسەكتە شۇدەم،
سىزدىن جۇلالايدۇ بۈيۈك سىيمالار.

ئەلۋىدا، ئاكىجان، خاتىرجەم يېتىڭ،
نامىڭىز ئۆچمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ پەقەت.
سىز ئالتۇن ئۇرۇقى شېئىرىيەتنىڭ،
بىخلايسىز، كۆكلەيسىز، ياشنايسىز ئەبەت!

تۇرغانباي قىلىچبېك (قىرغىز)

## ئۇستازغا مەرسىيە

چىللە تۈگەپ، كۆكلەملەر كېلىپ،
كۆركەم قۇشلار قېقىشقاندا پەر.
بەك ۋاقىتسىز شائىرىمىزنى
قۇچىقىغا ئالدى ئانا يەر.

پارە بولدى يۈرەك، تولغاندىم،
كۆگۈللەرنى چارلىدى ئەلەم.
جۇدا بولدۇق ئۇستازىمىزدىن،
قولدىن چۈشتى بۇلبۇل تىل قەلەم!

دولقۇنلىدى كۆزدە زەرەپشان،
كۆك مەسچىتتە ئادەملەر قىم - قىم.
كەلدى قارا ك نامىزىڭىزغا
ئۇرۇمچىنىڭ ھەممىسى بەلكىم!

بۈيۈك ئىنسان،
بۈيۈك بۇ شائىر،
تارىم، جۇڭغار قەلبىدە قەسىر.
شېئىرىيەتنىڭ كارۋان بېشى ئۇ،
پەخىرلىنەر بۇ ئوغلى بىلەن،
يىگىرمىنچى — بىزنىڭ بۇ ئەسىر.

شائىر ئۆلدى، ئېغىردۇر ھەسرەت،
ئىلى، تۈمەن يىغلار تاشقىنلاپ!
ئاق بۇلۇتقا ئوران خانتەڭرى،
چۇل - چۇل بوپ كەت ئاسمان، چېقىنلاپ.

ئابدۇراخمان ئىسمايىل (قىرغىز)

## ھەممىنىڭ قەلبىگە ئورتاق سەن، شائىر

«تۈگىمەس ناخشا»ڭنى يادقا ئالغاندا،
ئىجادىڭ ئالدىدا ئېگەر ئىدىم باش.
(ئۇ چاغدا تېپىپچان دېيىش گۇناھتى،
پىنھاندا تۆكەتتىم يىغانلىق كۆز ياش.)

شۇندىمۇ قەلبىمنىڭ مېھرابلىرىدا
سەن ئۈچۈن تىكلەنگەن سۆيگۈ بايرىقى.
تۆھمەتلەر نامىڭغا قىلغانسېرى قەست،
ئاشاتتى دىللارنىڭ ساڭا ھۆرمىتى.

www.uyghurkitap.com

ھەقلىقسەن شۇنىڭغا، سۆيىمەن سېنى،
بىر قىرغىز يۈرىكى — ئاددىي يۈرەكتىن.
شېئىرىيەت كۆكىدىن ئاقتىڭ توساتتىن،
قۇرۇغان يېشىمنى تۆكتۈم بۆلەكتىن.

مەن بۇن[illegible] تاغمۇ ھەم شۇنداق،
ھېچ قاچان [illegible]غان ئەمەستىم بۇنداق.
نېمىشقا ئاممىنى [illegible] شائىر،
چۈنكى سەن ھەممە[illegible] قەلبىڭە ئورتاق.

قىيۇم سوپى

## چىن ئىنسان

ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدىغۇ ئاسمان،
گۈلدۈرلەپ بۇلۇتلار چاقماق چېقىلدى.
قاراسلاپ يېرىلدى گويا تەڭرىتاغ،
ئاھ! ئاشۇ بىر مەزمۇت قارىغاي يىقىلدى.

ساقىغان بولمىسۇن جەۋھەر يۇلتۇزدىن،
بۇ ئاخشام يورۇق نۇر تۆكۈلمەيدىغۇ؟!
ئاسميا كۆكىنىڭ نۇرلۇق چولپىنى،
ھە، بۈگۈن تاڭ سەھەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟!

ساقىپتۇ بىر يۇلتۇز،
ئۆچۈپتۇ چولپان،
ئاۋاز يوق بۇلبۇلدىن،
باغلاردىن پۇراق.
دەريالار تولغىنار ئاچچىق ئەلەمدە،
ماتەمدە كائىنات،
ماتەمدە بۇلاق...

شۇم خەۋەر ئەجەپمۇ كەلدىغۇ ئېغىر،
يۈرىكىم كۆكرەكتىن يۇلۇندى گويا.
ئاتامغۇ كەتكەندە بولمىغانىدى
تۆكۈلگەن يېشىمدا بۇنچىلىك دەريا.

تۇغۇلدۇق ئىمز بېسىپ قورغاس بويىدا،
سىز ماڭا ھەم ئۇستاز، ئاكا بولدىڭىز.
چىن ئىنسان بولۇشنى ئۆگەندىم سىزدىن،
يېتىلەپ قولۇمدىن يولغا سالدىڭىز.

ئاخىرقى سۆزۈم شۇ، جانىجان ئۇستاز،
سادىقمەن تا ئەبەت تەلىمىڭىزگە.
تۇتىمەن قولۇمدا سىزدەك مۇستەھكەم
قوندۇرماي توپا - چاڭ قەلىمىڭىزگە.

مەتسەيدى مەتقاسىم

## ئەلۋىدا، شائىر

تىترىدى ۋۇجۇدۇم تىترىگەندەك تار،
نۇر كەبى تېزلىكتە كەلگەندە خەۋەر.
يۈرىكىم ئېچىشتى ئۇزاقتىن ئۇزاق
ۋە كەتتىم تىپىرلاپ يۇتقاندەك زەھەر.

ياش قەلبىم مۇقامدەك مۇڭلۇق ۋە مىسكىن،
بىھوشمەن، كۆزلىرىم بۇلاققا ئوخشاش.
ئادەملەر توپىدا ئۆزگەن تاۋۇتۇڭ
دولقۇنلۇق دېڭىزدا لەيلىگەن قۇياش.

قەبرەڭنىڭ بېشىدا قالدى سانسىز كۆز،
پاك نىيەت خىزىردەك ئوقۇدۇم دۇئا.
جەننەتنى تىلىدىم ساڭا يېنىشلاپ،
ئىجازەت بەرگەيسەن ئەي تەڭرى - خۇدا!

ھېلىمۇ بوشلۇقتا گۈلدۈرماممىدەك
گۈلدۈرلەپ ياڭرايدۇ «تۈگىمەس ناخشا».

مىليونلاپ كىشىلەر دېگەن ئىدىڭغۇ:
«ئەي ئۇيغۇر شائىرى، تۈمەننىڭ ياشا!»

تۇرسىمەن ماتەمدە بېشىمنى ئېگىپ،
ياش روھىم شۇ تاپتا ئېغىر قايغۇدا.
قەبرەڭنىڭ بېشىدا يېشىمنى تۆكۈپ،
مەن دېگىز تىلىدا دېدىم: ئەلۋىدا.

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

## مەرسىيە

تۈزۈپ گۈل بەرگىدىن خۇش بۇي چېچەك گۈلزار ئاراسىدا،
ئەجەب ئۆرتەندى بۇ باغرىم كۆيۈپ قايغۇ ياراسىدا.
رەھىمسىز شۇم ئەجەل زەپمۇ ئېلىپ كەتتى سىلىپ چاڭگال،
جۇدالىقتىن چېكەي پەرياد - پىغان ھىجران دالاسىدا.
دىلىمدا مۆھتەرەم شائىر ئىدى ئۇ ئەلگە تەر تۆككەن،
زەبەردەست قامىتى ئۆچمەس يېنىپ كۆزۈم قاراسىدا.
باھار پەسلى ئىدى، شادلىق بىلەن مىسرا تۈزۈش پەيتى،
نادامەت نەغمىسى پۈتتى بۈگۈن كاككۇك ساداسىدا.
چېقىن چاقتى، بوران ئۇردى، شېخى سۇندى قىزىلگۈلنىڭ،
ئەلەم - ماتەم كۈيى ياڭرار سەھەر بۇلبۇل ناۋاسىدا.
ئېسىل مىراس بولۇپ قالدى تەۋەرۈك سۆزلىرى بىزگە،
ئىناقلىقنى تەلەپ قىلدى نەسىھەت مۇددىئاسىدا.

مەتتىمىن بارى

## ياشايدۇ ئۇ خەلق قەلبىدە

ئۆچتى ساقىپ ۋاقىتسىز يۇلتۇز،
ئەل قەلبىنى داغدا قالدۇرۇپ.
تەڭرىتاغنىڭ ئېگىلدى بەستى،
تۈتتى ماتەم زېمىن ئاھ ئۇرۇپ

ئاق باغلىدى تاغلار بېلىگە،
بۇلۇت ئۆكسۈپ تۆكتى يېشىنى.
ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم ئىشەنمەي
ئاڭلىغاندا ماتەم كۈيىنى.

ھەقلىقسەن شۇنىڭغا، سۆيىمەن سېنى،
بىر قىرغىز يۈرىكى — ئاددىي يۈرەكتىن.
شېئىرىيەت كۆكىدىن ئاقتىڭ توساتتىن،
قۇرۇغان يېشىمنى تۆكتۈم بۆلەكتىن.

مەن بۇ[illegible] تىلغىمۇ ھەم شۇنداق،
ھېچ قاچان [illegible]غان ئەمەستىم بۇنداق.
نېمىشقا نامەك[illegible] شائىر،
چۈنكى سەن ھەممە[illegible] ئورتاق.

قىيۇم سوپى

## چىن ئىنسان

ئۈرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدىغۇ ئاسمان،
گۈلدۈرلەپ بۇلۇتلار چاقماق چېقىلدى.
قاراسلاپ يېرىلدى گويا تەڭرىتاغ،
ئاھ! ئاشۇ بىر مەزمۇت قارىغاي يىقىلدى.

ساقىغان بولمىسۇن جەۋھەر يۇلتۇزدىن،
بۇ ئاخشام يورۇق نۇر تۆكۈلمەيدىغۇ؟!
ئاسمىيا كۆكنىڭ نۇرلۇق چولپىنى،
ھە، بۈگۈن تاڭ سەھەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟!

ساقىپتۇ بىر يۇلتۇز،
ئۈچۈپتۇ چولپان،
ئاۋاز يوق بۇلبۇلدىن،
باغلاردىن يىراق.
دەريالار تولغىنار ئاچچىق ئەلەمدە،
ماتەمدە كائىنات،
ماتەمدە بۇلاق...

شۇم خەۋەر ئەجەپمۇ كەلدىغۇ ئېغىر،
يۈرىكىم كۆكرەكتىن يۇلۇندى گويا.
ئاتامنىمۇ كەتكەندە بولمىغانىدى
تۆكۈلگەن يېشىمدا بۇنچىلىك دەريا.

تۇغۇلدۇق ئىمز بېسىپ قورغاس بويىدا،
سىز ماڭا ھەم ئۇستاز، ئاكا بولدىڭىز.
چىن ئىنسان بولۇشنى ئۆگەندىم سىزدىن،
يېتىلەپ قولۇمدىن يولغا سالدىڭىز.

ئاخىرقى سۆزۈم شۇ، جانىجان ئۇستاز،
سادىقمەن تا ئەبەت تەلىمىڭىزگە.
تۇتىمەن قولۇمدا سىزدەك مۇستەھكەم
قوندۇرماي توپا - چاڭ قەلىمىڭىزگە.

مەتسەيدى مەتقاسىم

## ئەلۋىدا، شائىر

تىترىدى ۋۇجۇدۇم تىترىگەندەك تار،
نۇر كەبى تېزلىكتە كەلگەندە خەۋەر.
يۈرىكىم ئېچىشتى ئۇزاقتىن ئۇزاق
ۋە كەتتىم تىپىرلاپ يۇتقاندەك زەھەر.

ياش قەلبىم مۇقامدەك مۇڭلۇق ۋە مىسكىن،
بىھوشمەن، كۆزلىرىم بۇلاقتا ئوخشاش.
ئادەملەر توپىدا ئۆزگەن تاۋۇتۇڭ
دولقۇنلۇق دېڭىزدا لەيلىگەن قۇياش.

قەبرەڭنىڭ بېشىدا قالدى سانسىز كۆز،
پاك نىيەت خىزىردەك ئوقۇدۇم دۇئا.
جەننەتنى تىلىدىم ساڭا يېنىشلاپ،
ئىجازەت بەرگەيسەن ئەي تەڭرى - خۇدا!

ھېلىمۇ بوشلۇقتا گۈلدۈرمامىدەك
گۈلدۈرلەپ ياڭرايدۇ «توگىمەس ناخشا».
مىليونلاپ كىشىلەر دېگەن ئىددىغۇ:
«ئەي ئۇيغۇر شائىرى، تۈمەنمىڭ ياشا!»

تۇرسەمەن ماتەمدە بېشىمنى ئېگىپ،
ياش روھىم شۇ تاپتا ئېغىر قايغۇدا.
قەبرەڭنىڭ بېشىدا يېشىمنى تۆكۈپ،
مەن دېگىنىز تىلىدا دېدىم: ئەلۋىدا.

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

## مەرسىيە

تۇزۇپ گۈل بەرگىدىن خۇش بۇي چېچەك گۈلزار ئاراسىدا،
ئەجەب ئۆرتەندى بۇ باغرىم كۆيۈپ قايغۇ ياراسىدا.
رەھىمسىز شۇم ئەجەل زەپمۇ ئېلىپ كەتتى سېلىپ چاڭگال،
جۇدالىقتىن چېكەي پەرياد - پىغان ھىجران دالاسىدا.
دىلىمدا مۆھتەرەم شائىر ئىدى ئۇ ئەلگە تەر تۆككەن،
زەبەردەست قامىتى ئۆچمەس يېنىپ كۆزۈم قاراسىدا.
باھار پەسلى ئىدى، شادلىق بىلەن مىسرا تۈزۈش پەيتى،
نادامەت نەغمىسى پۈتتى بۇگۈن كاككۇك ساداسىدا.
چېقىن چاقتى، بوران ئۇردى، شىپخى سۇندى قىزىلگۈلنىڭ،
ئەلەم - ماتەم كۈيى ياڭرار سەھەر بۇلبۇل ناۋاسىدا.
ئېسىل مىراس بولۇپ قالدى تەۋەرۇك سۆزلىرى بىزگە،
ئىناقلىقنى تەلەپ قىلدى نەسىھەت مۇددىئاسىدا.

مەتىمىن بارى

## - ياشايدۇ ئۇ خەلق قەلبىدە

ئۇچتى ساقىپ ۋاقىتسىز يۇلتۇز،
ئەل قەلبىنى داغدا قالدۇرۇپ.
تەڭرىتاغنىڭ ئېگىلدى بېشى،
تۇتتى ماتەم زېمىن ئاھ ئۇرۇپ.
ئاق باغلىدى تاغلار بېلىگە،
بۇلۇت ئۆكسۈپ تۆكتى يېشىنى.
ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم ئىشەنمەي
ئاڭلىغاندا ماتەم كۈيىنى.

www.uyghurkitap.com

شائىر كەتكەن مەڭگۈ ئۇيقۇغا
ياش يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ.
ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى ئەلەم،
ئۆلمىدى، دەپ قىلدىم مەن خىتاب.

چۈنكى [illegible] مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ،
ئىجاد مېۋ[illegible] ئەڭ [illegible] ھەيكەل.
ياشايدۇ ئۇ [illegible]
بولۇپ نامى تۆگمە[illegible]

جېلىلى

## قالدۇرۇپ

بىمەھەل كۆز يۇمدىڭىز قەلبىمىدە ھەسرەت قالدۇرۇپ،
جىسمىڭىز كەتتى، بىراق بىر ياخشى خىسلەت قالدۇرۇپ.

ئىدىڭىز ئانا ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك، مەرد شائىرى،
كەتتىڭىز مىليونلىغان ئەۋلادقا ھېكمەت قالدۇرۇپ.

سىز چىۋەر باغۋەن بولۇپ سەنئەت بېغىنى ئاسرىغان،
كەتتىڭىز پاك ئەجرىڭىزدىن بىزگە راھەت قالدۇرۇپ.

قانچىلاپ يۇمران كۆچەتلەر مېۋىڭىزدىن ئايىنغان،
كەتتىڭىز ياش نوتىلارغا نۇرى نۇسرەت قالدۇرۇپ.

ئۆتتىڭىز مەغرۇر ياشاپ ۋىجدان بىلەن، ئارمان بىلەن،
كەتتىڭىز بۇ ھۆر ھاياتقا چىن مۇھەببەت قالدۇرۇپ.

ئىدىڭىز كەمتەر، سۇباتلىق، خۇش پېئىل، ئالىي سۈپەت،
كەتتىڭىز بىزگە گۈزەل ئەخلاق ـ دىيانەت قالدۇرۇپ.

ئىدىڭىز قەيسەر ـ جەسۇر تىك چوققىغا ئۆرلەيدىغان،
كەتتىڭىز بىر مىسلىسىز جۈرئەت ـ شىجائەت قالدۇرۇپ.

ئىدىڭىز بىر زېھنى ئۆتكۈر، ئىجتىھاتلىق تۆھپىكار،
كەتتىڭىز بىزگە ئەقىل، يۈكسەك ماھارەت قالدۇرۇپ.

كاتتا بىر ئەربابتىڭىز ئەلنى سۆيەر، ئەلگە كۆيەر،
كەتتىڭىز ئەل ئىچىدە تاغدەك ئىناۋەت قالدۇرۇپ.

ئەل بىلەن سىرداشتىڭىز دىلداش بولۇپ، تىلداش بولۇپ،
كەتتىڭىز ئىخلاس بىلەن ئەلگە ساداقەت قالدۇرۇپ.

مەدھىيىلەپ كەلگەنتىڭىز بۇ بەختىيار دەۋرانىنى سىز،
كەتتىڭىز ناچار، رەزىل ئادەتكە نەپرەت قالدۇرۇپ.

ھەر شېئىر ـ داستانىڭىز سالغانتى .دىلنى لەرزىگە،
كەتتىڭىز ئۇنى بۇگۈن بىزگە ئامانەت قالدۇرۇپ.

سىز بىلەن جۇڭخۇا ئېلىم چۆمگەن پەخىر دەرياسىغا!،
كەتتىڭىز ئۇنتۇلغۇسىز ئالەمچە شۆھرەت قالدۇرۇپ.

دوستلىرىڭىز كۆپ ئىدى يۇرتداش، زامانداشلار ئارا،
كەتتىڭىز بىزگە ئاشۇ دوستلارنى ئۆلپەت قالدۇرۇپ.

دېدىڭىز: «ئەدەبىيات گۈللەيدۇ بىرلىك كۈچىدىن!»
كەتتىڭىز بىزگە ئاشۇ روھنى ۋەسىيەت قالدۇرۇپ.

جىسمىڭىز كەتتى، يىراق بىللە ياشايسىز بىز بىلەن،
روھىڭىز ئاتقاي چېچەك دۇنيانى ھەيرەت قالدۇرۇپ.

شەمشىبانۇ قامزا (قازاق)

## تېيىمچان مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ

زۆھرە كۈينىڭ تاھىرى،
مارجان سۆزنىڭ ماھىرى،
شائىرلارنىڭ شائىرى
تېيىمچان مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

تەڭرى تېغى سېغىنغان،
چەكسىز جۇڭغار تېۋىنغان،
قىزىلگۈل بوپ ئېچىلغان،
تېيىمچان مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىنسانى،
شېئىرىيەتنىڭ ئىمانى،
ناخشىلارنىڭ سۇلتانى
تېيىمچان مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

تارىم ئۆكسۈپ يىغلىدى،
ئىلى دىلنى تىلغىدى،
ئېرتىش ياش بوپ سىرغىدى،
تېيىمچان مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

مەسۇم باسىت

## ھەسرەت

ئاھ!
يۆلىمەڭلار مېنى بالىلىرىم،
چاقىرماڭلار دوختۇرنى ھەتتا.
ماڭا ھەرگىز ئوق تەگكەن ئەمەس،
چىددىمىدىم ئاچچىق يىغانغا.

يامغۇر بىردىن قارغا ئايلاندى
كۆز يېشىنى توختاتماي تۇرۇپ.
تەڭرى تېغى ماتەم كۈيىنى
خوجايوپتىن بۇلجۇتماي تۇرۇپ،
نېمانچىۋالا ئاچچىق خەۋەر بۇ،

تۇتتى ھەسرەت باغرىمنى مۇجۇپ.
تېيىپجاننى سورىمىغىن دوستلار،
مەن دېمەيمەن «ئۆلدى» دېگەننى.
تەبىئەتنىڭ كاجلىقى مۇدھىش،
ئەپكەتتى ئەل ئەزىزلىگەننى.
ئاھ، تېيىپجان!
قاتتى بۇ باشلار،
قانداق ئۆتسۇن مۇئەللىم ساۋاق،
يىغلاۋاتسا شاگىرتلار ـ ياشلار.
ئاسمان ـ زېمىن — كائىناتتا ياش،
يارالغانمۇ ھەسرەتكە دۇنيا؟!
شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ سامادا،
ئاي پەرىمۇ تۇتۇلدى ھەتتا.
ھوشۇڭنى يىغ!

كۈيچى، سەنئەتكار،
قاچان ئۆلگەن شائىر ھەم ناخشا؟
ئېيتىۋاتمامدۇ تېيىپجان يەنە،
رادىئودا «تۈگىمەس ناخشا»...
ئۆتتۈۋاتمامدۇ تېيىپجان...
«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» بوستاندا
ناخشا ـ نەزمە ئۇنىڭ مېۋىسى
ياش ـ قېرىنىڭ سىڭگەن قېنىغا.
شېئىر ـ ناخشا بارلىكى جايدا،
بىللە بولىسەن، تېيىپجان يېنىدا.
يىغلىما تارىخ، يىغلىما خەلقىم،
شادلان ئۆلمەس ئوغۇل تۇغقانغا.
ئەمدىكى گەپ، ھامىلدار دۇنيا
تېيىپجاندەك قەيسەر ئوغلانغا.

ئابلىكىم تۇردى

## ئەلۋىدا

ئەلۋىدا، «تۈگىمەس ناخشا» نىڭ پىرى،
ئەلۋىدا، تالانتلىق، خۇش پېئىل شائىر.
دولقۇنلۇق ئۆمرۈڭنى ئەسلىگىنىمدە،
قەلبىمنى مۇڭ ـ ھەسرەت قاپلىدى ھازىر.

چوڭ بولدۇڭ ئانا يۇرت مېھرىنى ئېمىپ،
كۆرەشچان ئېلىڭنىڭ باغرىدا يايراپ؛
تىنىغ ـ مىلتىق ئېسىشقا ئىنتىلىپ ھەردەم،
باھارنى سېغىنغان بۇلبۇلدەك سايراپ.

جۇرئىتى ئاتالدى ياش ـ نۆۋەر نامىڭ،
سۆزلەشكە، كۈيلەشكە جۇرئەتلىك بولغاچ؛
جەنۇبنىڭ ھىجرىدە يالقۇن بوپ يېنىپ،①
ۋۇجۇدۇڭ ئەل ئىشقى ـ ئىلھامغا تولغاچ.

ياش ـ زېرەك قەلبىڭدە ئەكس ئەتكەچكە
ئاجىز، قۇل خەلقىڭنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى،
«كۆرەشتە ئىكەن...، —دەپ ھېس قىلدىڭ
چوڭقۇر،—
كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنە، قىممىتى...»

«...تىرەجەپ ماڭمىغان بېزەك ھاياتنىڭ
قېنىنى شورايدۇ رودۇپاي زامان؛
كۆرەشچان ھاياتقا ئازادلىق ئامراق،
كۆرەشسىز ھاياتنى قىستايدۇ جاھان.»

مانا شۇ ھېكمەتلىك، يارقىن مىسرالار
فونتاندەك ئېتىلغان ياش يۈرىكىڭدىن.
كۆپ ئۆتمەي تاڭ ئاتتى پۈتكۈل ئېلىمدە،
نۇر، چېچەك ياغقاندەك پاك تىلىكىڭدىن.

قۇياشتەك بالقىغان شۇ تاڭ قوينىدا
زوق بىلەن ئاڭلىدىڭ تاڭ ناخشىسىنى.
سەن شۇ تاڭ نۇرىدىن زور ئىلھام ئېلىپ،
تولۇلدىڭ ناخشىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى.

ئەلۋىدا، «تۈگىمەس ناخشا» ئاپتورى،
تۈگىمەس بايلىقنى قالدۇردۇڭ ئەلگە.
جۇشقۇن روھ، كەمتەر ھەم خۇشخۇيلىقىڭ
تەۋرەك ئەۋلادقا تاكى مەڭگۈگە!

① شائىر ياش چېغىدا غۇلجىدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تەلپۈنۈپ شېئىر يازغان.

باۋۇدۇن نىياز

## ئېيتىدۇ ئۇ يەنە «تۆگىمەس ناخشا» نى

ۋاي ئىبست،
نە ئامال، ۋىدالاشتۇق بىز
ۋاقىتسىز سۆيۈملۈك شائىرىمىزدىن.
نەپەستىن قالغۇچە قەلەم تەۋرەتكەن
بىباھا سەنئەتكار ماھىرىمىزدىن.

ھەسرەتتە ياش تۆكۈپ ماتەم ئىلكىدە
تەگرىتاغ باش ئېگىپ چەكمەكتە ئەلەم.
بولدىغۇ بۇ ئەجەپ ئېغىر مۇسىبەت،
تىترەيدۇ قولۇمدا ھازىدار قەلەم.

راست ئۇچۇپ كەتتىمۇ خۇشناۋا بۇلبۇل،
(مەن قانداق ئىشىنەي)
گۈلزارىمىزدىن؟!
ئايرىلدۇق دېيىشكە چىدامدۇ يۈرەك،
تېيىپجان ئاكىمىز — ئۇستازىمىزدىن؟!

ئەپكەتتى شۇم ئەجەل بىزنىڭ بۇ سەپتىن
ياخشىلار ياخشىسى، سەرخىل ياخشىنى.
لېكىن ئۇ ئۆلمەيدۇ، توۋلايدۇ يەنە
تىنىمسىز ھەر ئاخشام «تۆگىمەس ناخشا»نى.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

## ئۆچمەيدۇ دىللاردىن بۈيۈك تۆھپىسى

ئۆلۈمنىڭ ئۇۋىتى ئەلگە ياقمىدى،
بىر يۇلتۇز ئاسماندىن ئۆچتى، ساقمىدى.
ئۇ خەلق شائىرى تېيىپجان ئىدى،
دوست-ياران، تاي-ئورمان «ۋاي ئىبست!» دېدى.

قەلەمنى تۇتتى ئۇ دەل يېرىم ئەسىر،
قالمىدى چوڭ سەپتىن، بولمىدى ئەسىر.
شاگىرتى ساناقسىز، ئۆچمەيدۇ ئىزى،
ئەشئارى گوياكى دىللاردا قەسىر.

ئەل - ۋەتەن دەردىگە «ئاھ!» دەپ تولغۇنۇپ،
قەيسەرلەر باشلىغان سەپتە چىڭ تۇرۇپ،
شۇ شانلىق كۈرەشتىن قۇدرەتكە تولۇپ،
ئۆتتى ئۇن باغرىغا ئوقلار ياغدۇرۇپ.

تاڭ بىلەن قەلەمنى قىلدۇرۇپ پەرۋاز،
پاختەكلى خەلقىدىن يوللاپ خەت - ئاۋاز،
ئىناقلىق - ئۆملۈككە سېلىپ پايانداز،
ئەل بىلەن ھەمنەپەس بولدى قىشۇ-ياز.

چىققاندا ھەر قېتىم ئاپەتلىك قۇيۇن،
ئويىنلىپ ئاجايىپ غەلىتە «ئويۇن»
تەلۋىلەر بولۇشقان ئەگدۈرمەك بويۇن،
بەراقكى، شائىرغا ئەل ئاچقان قويۇن.

ئۇ ئىدى گۆكسى كەڭ، خىسلەتلىك ئادەم،
نېگىر ھەم ئەرەبكە مەدەتكار ھەمدەم،
«ساردىيە»، «پەلەستىن» قەلبىگە مەلھەم،
ھەققانىي كۈرەشكە پىكرى مۇجەسسەم.

ھە، تېخى پىگراگدا ئۇنىڭ ئىزى بار،
موسكۋا، تاشكەنتتە... تاتلىق سۆزى بار،
ئىستانبول، بېلگراد بىلىدۇ ئۇنى،
ئاشۇنداق چوڭ شائىر، ئۆتكۈر كۆزى بار.

دېمەك ئۇ ئەل - يۇرتنىڭ باھار - كۆركىمنى،
ئىجاد ۋە مېھنەتنىڭ شانلىق ئۈلگىسى،
شېئىرىدىن جاراڭلار ئۇيغۇر كۈلكىسى،
ئۆچمەيدۇ دىللاردىن بۈيۈك تۆھپىسى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توختى نەمتۇللا

## ماتەمدە تۇرپان

فىراقىنىڭ ئاھ، ئۇن توققۇزى،
«خىيرەلەشتى ئاسمان گۈمبىزى»①.
شېئىر خۇمار خەلق قەلبىنىڭ
ساقىپ چۈشتى چولپان يۇلتۇزى.
ئىدىقۇتنىڭ باغرىدا ماتەم —
كېزىپ، ئاھ، دەر ھەممىلا ئادەم،
ياشقا تولدى تەبەسسۇم كۆزى.

ئەنە سۆزلەر ھەسرەتكە تولۇپ
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ تۇرپان مۇنارى:
«مېنى تاۋاپ قىلغان تالاي رەت
ئاشۇ شائىر — سەنئەت خۇمارى.»
دېگەنىدى:
«قابىل خەلقىمنىڭ
پەرزەنتلىك، ئېسىل ئوغلانى...»

ئەنە سۆزلەر قەدىمى يارغول —
بېزەكلىكمۇ قايغۇ - ئەلەمدە:
«ئەۋلادىمىز — شائىر تېيىپجان
بىزنى قىلغان قانماي زىيارەت،
مۇھەببەتكە تولۇپ كەلگەندە،
بىزدە قالغان قەدىم سەنئەتنى
كۆكرەك يېقىپ باغ - باغ ئەتكەندە،
ئاققان ئىدى كارىز سۈيىدەك
كۆيى غەزەل ۋە مۇسەممەندە...»

ھەربىر قەترە،
ھەربىر گۈل - چېچەك
بۇ ۋادىدا شۇنى ئاتقان
«قالدى بىزگە يالدامپا بولۇپ،
ھەربىر ئىزى چاقناپ نۇرلىنىپ.
ھەم مۇھەببەت - مېھرى چوغلىنىپ.
سۆزلەر شۇنداق ئەسلەپ بىرمۇ بىر
ئىچ - ئىچىدىن ماتەمگە تولۇپ...

نەزەر سالدىم ئۈزۈمقا شۇدەم،
قۇياش سەھەر چىقتى قان يىغلاپ.
تەكرىتاغمۇ سۈكۈت، ماتەمدە
جىمجىتقىنە تۇرار ئاق باغلاپ.
نوتىلاردا قۇشلار بىناۋا،
بۇلۇتلاردىن تامچىلايدۇ ياش.
ئېرىقلاردا ئاققان سۇدىمۇ
ئاھ، ھەسرەتلىك نىدا - شىرقىراش...

ئەي ئۇيغۇرنىڭ پەخرى، غۇرۇرى،
ئەلۇۋىدا!
تىنچ يېتىڭ، خاتىرجەم.
سىزمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن
ناخشىلارنى ۋارقىراپ ئېيتىپ،
پۈتمىزدىمۇ داۋانلار ئېشىپ،
روھىڭىزنى يادلاپ، خۇش قىلىپ
پەللىلەرگە تاشلايمىز قەدەم...

ھۈسەن روزى

## ئەلۋىدا، شېئىرىيەت پېشۋاسى

مۇسىبەتتىن تېنىم ياپراق، قەددىم يا،
سەزدىم ئازاب تېغى كېلىپ باسقاندەك.
تارتىشىدۇ ئاغرىپ يۈرەك بېغىشىم،
مىڭلاپ تۈگمەن تاشلىرىنى ئاسقاندەك.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشلار شارقىراپ
ھاسىل قىلدى خۇددى دەريا - ئېقىننى.
قارىچۇقۇمدا پارلاپ ئەلەم ئۇچقۇنى،
قىلدى خىجىل كۆكتە چاققان چېقىننى.

شۇتاپ دىلىم دېگىنىزدۇر قايغۇنىڭ،
ئۇزەر ئۇندا مۇسىبەتنىڭ يەلكىنى.
تەۋرىتىدۇ ئەپسۇسلىرىم خىتابى
قارا قۇرۇم، مۇز داۋاننى، تەلكىنى...

كەتتىڭىز بىزدىن، ئەي ئۇستازىم، شائىرىم،
كۆڭۈللەردە دەردى - پىغانلار قالدۇرۇپ.
قالدى شېئىرىڭىز مىراس بولۇپ تۈگىمەس،
كۆرمىدىڭ ئەۋلاد قەلبىگە نۇر ياغدۇرۇپ.

---

① تېيىپجاننىڭ شېئىرىدىن.

## تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى

تەھرىر ئىلاۋىسى: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، دوختۇرخانىدا ياتقان ئاخىرقى كۈنلىرىدىمۇ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىنتايىن قىممەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى قالدۇردى. شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرقانداق ئىجادكارنى چوڭقۇر ئويغا سالماي، قاتتىق تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ. بىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ قىممەتلىك سۆزلەرنى ئەينەن ئېلان قىلدۇق.

ئەدەبىياتىمىز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن) ئازادلىق بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى، بۇنىڭ خاراكتېرىنى، قالداق ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئىككىلىكىنى «تارىم تېخىمۇ جۇش ئۇرسۇن» دېگەن ماقالەمدە ئېيتقانىدىم. ئەدەبىياتقا سىياسەتنى تەشۋىق قىلىدىغان قورال دېيىدىغان قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان ۋەزىپە تېڭىلدى. ھەرقالداق سىياسىي چاقىرىق بولسا مەجبۇرىي ماسلىشىش، تەشۋىق قىلىش سادىسى كۆتۈرۈلدى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى ھېسابلاندى. تەشۋىقات قورالى بولۇش قانچە تەكىتلەنگەنسېرى، قانچە تەشۋىقات قورالى بولغانسېرى ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرگە زوق بېرىش ئالاھىدىلىكىگە شۇنچە زىت كېلىپ، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بۇ تېگىزلىك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تۇردى. سىياسەت، لۇشيەن دېگەنلىرىمىزدە ئۇرغۇن خاتالىقلار بولدى. مۇقامدا يوق سىياسەتكە ماسلاشقاندا، مۇقامدا يوق سىياسەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئەدەبىيات قالىدىمۇ؟ مۇقامدا بار ئەدەبىيات بولالايدۇ؟ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن» دېگەن فاڭجېن مۇشۇ مۇقامدا يوق ئىشلارنى ئۆزىتىش ئېھتىياجىدىن چىقتى، بۇ فاڭجېن بىر يىل

ئۆپچۆرىسىدە ئۆمۈر سۈردىمىكىن، ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا جانلىنىش بولدى. ھالبۇكى، بۇ جەھەتلەردىكى جانلىنىش، گۈللىنىشلەر سەلبىي تەرەپتىن سۆزلەنگەن - دە، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى يەنە بىر قېتىم قىسماقتا قېلىپ، ئىگىلىكچىللىقتا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بەكمۇ قاتتىق زەربە بولدى. مۇشۇ مۇقامدا يوق سوقسالىقنى قوشۇننى نابۇت قىلدى، ئەڭ ياخشى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزغا، ئەدەبىياتىمىزنى ئەدەبىياتقا ئوخشىمىتاي دەپ تىرىشىپ ئوبدان ھوسۇل بەرگەن سەپداشلىرىمىزغا بەك ۋابال بولۇپ كەتتى. كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، زورمۇزور زىددىيەت ياساش، زورمۇزور كۈرەش نىشانى پەيدا قىلىش، زورمۇزور قالپاق ياساش بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزنى نابۇت قىلىشنىڭ خاراكتېرلىك ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى غايىسىز ئادەملەر مۇشۇنداق پەيتلەردە تۆھمەتخورلۇق بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنى بىلمەي، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، مۇشۇ نابۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ شەرمەندە ۋەكىللىرى بولدى. يەنە ئاز بولمىغان يولداشلار ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىن تېگىلغان ئەيىبنامىلەرگە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاۋاز قوشۇشقا مەجبۇر بولدى. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىنى ئويلىسام، ھېلىمۇ قاتتىق ئازابلىنىمەن، بەلكى ئۆمۈر بويى ئازابلىنىمەن. بۇ يولداشلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سەپداش، كەسىپداشلارنىڭ دوستلۇق - ھەمدەملىكىنى سولچىللىق بۇزدى، ھەتتا بىزنىمۇ سولچىللىق بۇزدى». مەنمۇ شۇنداق دەپ ئازابلىنىدىغانلارنىڭ بىرى.

* *

تالانتلىقلارنى بايقاش، كۆرۈش ۋە ئۇلارنى يۆلەش بىر مىللەت، بىر خەلق ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئىپكە ھەۋەس قىلغۇچىلار بەكمۇ كۆپ بولىدىكەن، ياشلىق ھېسسىياتچان دەۋر بولغاچقىمىكىن، يازغۇچى، شائىر بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار ئاز بولسا كېرەك. لېكىن بۇ كەسىپنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلار ياكى ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر ئۆمۈر «ئاشىق» بولىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بۇ شۇنداق ئىش، «ئاشىق» لىق. بۇ قوشۇندىكى تالانتلىق كىشىلەر ئەدەبىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىشقا تۆرتكە بولالايدىغان كىشىلەر. ئۇلار بەكمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە. تالانتلىقلارنىڭ ئالاھىدە قاشقىسى بولۇشى ناتايىن، لېكىن ئۇنى سېزىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. پېشقەدەم يولداشلار، رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئۆتەۋاتقان يولداشلار مۇشۇنداق كىشىلەرنى بايقاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلسا، ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆزلەشسە، ياردەم بېرىپ، يار - يۆلەك بولسا ياخشى بولىدۇ. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كېيىنرەك ھېس قىلىپ قالدىم، ئامال يوق، ئەپسۇس.

*　　*

دۇنيادا ئەدەبىي ئېقىملار كۆپ، بىر مىللەت، بىر خەلق ئەدەبىياتىدىمۇ شۇنداق. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ كۆپ بولۇشى يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش. ئۇ ئەدەبىياتتا رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشنىڭ بىر تەرىپى، ئىپادىسى. بىرخىل ئەدەبىي ئېقىمغا، نۇقتىئىنەزەرگە ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئەقىدە قىلىدىغانلار ئىككىنچى بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمغا، نۇقتىئىنەزەرگە ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئەقىدە قىلىدىغانلارنى چەتكە قاقماسلىقى، كەمسىتمەسلىكى لازىم. چەتكە قېقىشقا، كەمسىتىشكە قىزىقىپ قالسىلا، ئىشنىڭ ھالاللىقىغا تارتىمغىنى، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا ئىلمىيلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىزدە قانداق؟ مەن بەكمۇ تەتقىق قىلىپ كەتمىدىم. دۇنيادا كىشىلەر يېڭىچە بىرخىل ئەدەبىي ئېقىمنى يارىتىشنى شەرەپ بىلىۋاتسا، بىز بۇنى باشقا بىر ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇق، يەنى ئەدەبىي ئېقىم، ئۆزگىچە ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا، ئاڭلىق دېسەك بولامدۇ، ئاڭسىز دېسەك بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىر خىل بولمىغۇر ئادەتنى — يۇرتۋازلىق، مەزھەپ ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىچىلىكتەك بىر نەرسىنى يامرىتىۋەتتۇق. ئېچىنىشلىق ئىش. بۇنىڭ ئازابىنى، بۇنىڭ دەردىنى كونىلار يەتكۈچە تارتقان، بىزمۇ تارتتۇق. ئەمدى بو مەرەزنى ياشلارغا مىراس قالدۇرماسلىق كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى خورىتىش، پارچىلاش، يوقىتىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى كۆردۇق. «ئىتتىپاقلىق» دېگەن سۆزنى تەكرارلايدىغانلار كۆپ. مەرەزنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. مەن مۇشۇ جەھەتتە بىر-ئاز ئىش قىلىشنى، ئىش قىلالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قالدى. مەن مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى، شائىرلار ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە جىقراق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىتتىپاق بولماي تۇرۇپ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدىن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىز سۆيۈملۈك قوشۇن، چىرايلىق قوشۇن، لېكىن بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىناقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك، يۇرتۋازلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىز دېگەندەك روناق تاپالمايۋاتىدۇ. تالانتلىقلارنى، ئىقتىدارلىقلارنى يۇرتقا ئايرىماي قوللايلى، ياردەم بېرەيلى. ئەدەبىيات يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى. يۇرتۋازلىق قىلىش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىدا، ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر.

* *

كېيىنكى چاغلاردا بىزدە دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى بارلىق يېڭىچە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، يېڭىچە ئۇقتىمىنەزەرلەرنى قوبۇل قىلىش ئال- دىن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلى- سىدىمۇ بەزى ئۇقۇشماسلىقلار بولمىدى ئەمەس. بۇ ئىش بەزىدە ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالغاندەك كۈلكىلىك گەپلەرمۇ بولدى. ئەنئەنە قانداقمۇ ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش بولسۇن! بۇ دېگەن تارىخىي تاللاش، ئۇقتىمىنەزەر، ئىدىيە، قاراش مەسىلىسى ئەمەسمۇ؟ دەرۋەقە، ياشلار يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ قىممەتلىك. پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسىلا كونىلىقتا يېپىشىۋالغۇچىلاردىن ئەمەس، بۇمۇ پاكىت.

مەن دەيمەنكى، ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىقلىكى نەرسە بولى- دىكەن، مەيلى ئەنئەنە ئىچىدىكى ئېسىل نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى «چەت» نىڭ بولسۇن، ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. پايدىسىزلا بولىدىكەن، ئەنئەنە، «چەت» نىڭ دەپ ئولتۇرماستىن. بىردەك قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، شاللاپ چىقى- رىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشىم يەنىلا كونىلارنىڭ ھېلىقى ھېكمەتلىك سۆزى — كونىلارنى قەدىرلەپ، ياشلارنى ئىززەتلەش مەسىلىسى. كونىلارمۇ ئەسلىدە ياش ئىدى. ياشلارمۇ كونىلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەم- مە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەت. شۇڭا پېشقەدەملەر ياشلارنى قەدىرلىشى، ياشلار پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلىشى لازىمغۇ. مەن مۇشۇ جەھەتتە، ئازراق ئىتتىپاقلىقنى چۈشىنىش، قەدىرلەشتىن باشقا يەنە مۇنداق بىرخىل قىممەتلىك ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار دەپ ھېسابلايمەن. مېنىڭچە، پېشقەدەملەر باش- لامچى بولۇشى، ياشلارنى قەدىرلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ياشلار ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى، پېشقەدەملەردىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋې- لىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. بۇ جەھەتتە مېنىڭ بەزى ساۋاقلىرىم بار. بۇ ئىشقا، ئۆزۈمنى خېلىدىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك ھېس قىلسامىمۇ، لېكىن جىددىي، ئەستايىدىلراق بولالمىدىم. بەزىدە ياشلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا، بىۋاسىتە كۆپرەك ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. شېئىر ئارقىلىق ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشمۇ بىرخىل ئۇسۇل، لېكىن بىۋاسىتە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ئۆز ئارا يېتەكلەشكە يەتمەيدۇ. مېنىڭچە، سىلەر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلساڭلار. مېنىڭ ئۈمىدىم، يەنىلا پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، ياشلارنى ئەززەت- لەش مەسىلىسىنى، ياخشى ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئۇزاقىچە تۇتۇش، ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. بۇلار پىشمىغان گەپ. شۇنداقتىمۇ يولداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدۇم.

*                *

ساقىيىپ قالسام، كۆپرەك ئويلايدىغىنىم، قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى. ئەرزىمەس ئىختىلاپلار، ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن بىر بىرسى بىلەن پېتىشمايدىغان، سەنئەت ساھەسىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئىشلار ئۆز ۋاقتىدىمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ بار. مۇشۇ تۇغرىلىق كۆپرەك خىزمەت قىلسام بولاتتى دېگەن ئۈمىدىم بار. ئۇسلۇب مەسىلىلىرى ۋە چۈشەنچىدىكى ئوخشىماسلىقنى يوغان مەسىلىگە، بولۇپمۇ شەخسىي ئۆچ ئېلىشقا ئايلاندۇرۇش ئاپەت ئىكەن.

*                *

پارتىيە بۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئانچە جىق كونكرېت ئارىلاشمايدىغان بولۇۋاتىدۇ. ئارىلىشىۋالدى دېگەن گەپ بىلەنلا بەنت بولماي، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئەدەبىياتنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، مەنمۇ يېزىپ تۈگىتەلمىدىم. بەزى ئەپسۇسلىنارلىق نەرسىلەرنىمۇ يازدىم، قىممىتى بار نەرسىلەرنىمۇ يازدىم. ئاز - تولا تىز سالدىم. خەلق مەندىن نارازى بولمىسىلا مەن شۇنىڭغا خوش.

*                *

ياشلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا قاپاق تۈرمەڭلار. سىۋاچىلىق بىزنى شۇنداق قىلغان. ئىناقلىقنىڭ ئىچىدىن كۈلۈپ تۇرىدىغان، ھۇزۇر بېرىدىغان ئەدەبىيات چىقىدۇ؛ بولمىسا كۈچ چېچىلىپ كېتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپەم ياشلارنىڭ ئەپ ئۆتۈشى ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ چىقىرىش دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما كېسەل بۇ خىزمەتنى ئىشلىشىمگە ئىمكانىيەت بەرمىدى.

**قايغۇلۇق خەۋەر**

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، يازغۇچى تېيىپجان ھادى 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن، بەختكە قارشى 66 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

زۇنۇن تاھىر
ئەركىن قادىر

# تۈگىمەس تۇساقلار

(ئوچېرك)

1974-يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. غۇلجا شەھەر 1-رايون بىرلەشمە كارخانىسى 20 ياشنىڭ بوسۇغىسىنى ئەمدىلا ئاتلىغان بىر يىگىتنى 2-بىرلەشمە كارخانىنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈرمەكچى بولدى. رايونلۇق كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شىركەت يوللىغان ئانكىتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئىسمى شۆھرەت، مەلۇماتى تولۇقسىز ئوتتۇرا، 1973-يىلى بىرلەشمە كارخانىمىزنىڭ مەشچىلىك كەسپىدە ئىشلىگەن، 1974-يىلى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەن، كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل، سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك، ئامما بىلەن چىقىشىپ ئىشلىيەلەيدۇ، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۈستۈن، بىراق ئۆزۈمچىلىكى بىر ئاز كۈچلۈكرەك.»

— مەن قېتىلالمايمەن، — دېدى سانائەت بۆلۈمىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرى تۇنجى بولۇپ پىكىر بايان قىلىپ، ھەرقانچە ئىقتىدارى بولغان بىلەنمۇ ئۆزۈمچىلىكى كۈچلۈك ئادەملەرنى رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇش سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈشتە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

— مېنىڭچە، — دېدى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە سول قولىنى ئارتىلدۇرۇۋېلىپ ئولتۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم، — ياشلاردىكى ئۆزۈمچىلىككە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى بىلىمگە ئىنتىلىۋاتقان ياشلار ھەمىشەم بىرەر يېڭىلىققا دۇچ كەلگەندە قىزغىنلىققا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدۇ. بۇنداق قىزغىنلىق پۇتلىكاشاڭ ئەمەس، بەلكى تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ...

تالاش-تارتىش ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلىپ، ئاخىرى شۆھرەتنى 2-بىرلەشمە كارخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا بېكىتىشتى.

«تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن سانائەت بۆلۈمىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، — دەپ سۆز قاتتى دەسلەپتە پىكىر قىلغان كىشى غەزەپلىك تەلەپپۇزدا، — ئۆز پىكرىمدە قالىمەن. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تېخنىكىلىق ئىشلاردا مەسىلە كۆرۈلسە، مەن جاۋاب قىلمايمەن.

2-بىرلەشمە كارخانا رېمونتچىلىق قىلىش ۋە ئۆي سېلىشتىن باشقا، كەجچىلىك كەسپىنى قوشۇمچە ئېلىپ باراتتى. گەج سېخىدا پەقەتلا يەتتە نەپەر ئىشچى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي قول ئەمگىكىگە تايىنىپ مەشغۇلات قىلاتتى. ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى ئۈچ تۇننىدىن ئاشمايتتى. شۇڭا، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئەترىتى ھەر يىلى زىيان تارتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىشچىلارنى ئىش بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىمۇ 7-8 ئايدىن ئاشمايتتى. شۆھرەت ئەترەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە قاتىرىدى. ئۇستىلارنىڭ تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئاددىيلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ چوڭراق ياكى ئوتتۇرا تىپتىكى بىرەرمۇ قۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. بىر قانچە كۈندە پۈتىدىغان ئاددىي ئۆي ۋە رېمونت ئىشلىرى بىلەن كارخانىنىڭ زىيىنىنى تۈگەتكىلى بولمايتتى. خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق كىشىلەر ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولۇشى لازىم. يىراق ئاددىي بىر كارخانىدىن بۇنداق تەلەپنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ شۆھرەت

— تېخنىكىلىق ئىشلارغا يەنىلا سىز مەسئۇل بولىسىز، — كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېدى، — يەكۈنىمىزنىڭ ئىرادىڭىزگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا مەسئۇلىيىتىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىزگە بولمايدۇ. —

كۆپ قېتىم ئويلىشىپ، گەجچىلىكنى ئاساسىي كەسىپ قىلماقچى بولدى. چۈنكى، گەجچىلىك ئىلى رايونىدا ئاق كەسىپ بولۇپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىدى. شۆھرەت گەجنىڭ ئېزىلىش، تاسقاش، قورۇش باسقۇچلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن ئىشقا چۈشۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھاۋانچىدا تاش ئېزىۋاتقان بىر يىگىتتىن سورىدى:

— بىر كۈندە قانچىلىك تاش ئەزگىلى بولىدۇ؟

تاش ئېزىۋاتقان يىگىت پېشانىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەرىنى يېڭىدىلا ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن، يېنىدىكى ھەمراھىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— توقال خوتۇندەك تىنىم تاپماي ئىشلىسەك، يۈز كىلوگرامدەك ئېزگىلى بولىدۇ.

— قورۇش بىلەن تاسقاشچۇ؟

— قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ، — يىگىت تاش ئېزىشنى داۋام قىلىپ جاۋاب بەردى، — مۇشۇ ھاۋانچىدىن غەلۋىرگە تۆكۈلىدۇ، غەلۋىردىن ئاۋۇ قازانغا چۈشىدۇ، ھەممە گەپ مۇشۇ سادىغاڭ كېتەي

غەلۋىرگە دەگەن... بۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنىلاشتۇرغىلى بولارمۇ؟ — شۆھرەت ئەتەراپىنى ئورنىۋالغان كەچ سېخنىڭ ئىشچىلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى.

— بولارمۇ دەپ يۈرسىڭىز، — دېدى ئارىدىكى بىرسى كېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بىزنىڭ بۇ ئەترەتتە خېمىر تۇرۇچى بار خېمىرمۇ بولمايدۇ. كاللىڭىزغا ئاشۇنداق خىيال كەلگەن بولسا، مەسلىھەت سېلىپ تۇرماستىنلا قىلىۋېرىڭ، دۇنيادا بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.

— ئاغىنىمىز قالتىس دانا گەپ قىلدى جۇمۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى بىرسى ئۇلاپلا، — كېيىنگە قاراپ ئەجەب توك نېمەكەن دەپ قالماڭ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى يېڭى كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن بىلمەيسىز، شۇنداقلا بىر ئىش قىلىمەن دەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتتى، بولدى، پېيىڭىز شۇ زامان قىرقىلىپ كېتىدۇ. نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، ئەمما كارخانا، رايونلاردىكى بىرەرسىگە تېنىماڭ...

سەمىمىي گەپ، ئۈمىدىنىڭ چىرىغىنى ياقىدۇ. ئۈمىدسىز مۇھىتتىمۇ ئۈمىدلىك ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى شۆھرەت بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ سەمىمىي گەپلىرىدىن ئاجايىپ ئىلھاملاندى. كېيىنكى ئەسكەر-ئىشلەرنىڭ تېگىدە زادى نېمە ئىش بار؟ ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئويلانمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئويلاشقا چولىسى تەگمىدى. ئۇ بىر قانچە كۈن سېخ بىلەن ماشىلىق سالىق، توك تۈگمەن ئورنىتىش ... يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، كەچ سېخنى قانداق ماشىنىلاشتۇرۇش توغرىسىدا قاتتىق باش قاتۇردى. شۇ ئورۇندىكى ئادەملەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئۆز ئويىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولدى. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. تاش قوناق ئۈۋۈتىش ماشىنىسىدا ئۇششاق ئۈۋۈلۈپ چىقتى. توك تۈگمەنگە سالغاندا ئۇندەك يانچىلىپ، ئەلگەكتىن يۇمشىقى بىلەن يىرىكى ئايرىلىپ چىقتى. ئەمدىكى گەپ ئاشۇ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشتا قالغانىدى. ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنى تولۇق بېرەلمەيۋاتقان بۇ ئەترەتتە بىر قانچە ئون مىڭ يۈەنلىك ماشىنىنى سېتىۋالغۇدەك نەدە قۇدرەت بولسۇن؟ شۆھرەت كاردىن چىققان ماشىنىلاردىن رېمونت قىلىپ پايدىلىنىش قارارىغا كېلىپ، گۇڭشې دۆي ۋە زاۋۇت - كارخانىلارنى ئارىلىدى، ئەمما ھېچقايسى ئورۇندىن ھەقسىز ئالالمىدى. ئەڭ ناچارلىرىنىڭ باھاسىمۇ مىڭ يۈەننىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ توسقۇنلۇقىغىمۇ ئۇنىماستىن كارخانىدىن ياردەم سورىماقچى بولدى.

2

رايونلۇق كارخانىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرى ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولۇپ كرېسلودا قىيشىيىپ ئولتۇراتتى. ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىگە يېيىۋالغان گېزىتنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى - دە، ئالدىدىكى ئادەمگە قارىدى. كىرگەن شۆھرەت ئىدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ياش چاكچالىڭ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ دىپلوماتلارغا

خاس بىر خىل ئىمتىيازلىق بىلەن، — مانا مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، — ئۇ شۆھرەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بوش ئورۇندۇقنىڭ بىرسىگە تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خوش، يېڭى ئورنىڭىزغا ئۆگىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھەر ھالدا ياخشى.

— ئىشلىرىڭىز قانداق؟

— قەدىر - ئەھۋال.

شۆھرەتنىڭ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ بەرگەن جاۋابلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. شۇنداقتىمۇ زورىغا كۈلگەندىن كېيىن:

— پەرىشان كۆرۈنىسىز، زاۋۇتتىكىلەر دىلىڭىزنى رەنجىتتىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— سىزگە شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ، — شۆھرەت ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — كۆڭلۈمدە ھېچقانداق پەرىشانلىق يوق.

— نېمە؟ گەج سېخىنى ماشىنىلاشتۇراي دەمسىز؟ — مەسئۇل كادىر كۈيۈنگەن تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا، بالا چاكىجالىك. مانا مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق ئىجادكارلىق روھىڭىزنى قەدىرلەپ، ياش بولغىنىڭىزغا قارىماستىن چاكىجالىك قىلغانىدىم. ھەر ھالدا كۈتكەن يېرىمدىن چىقتىڭىز. مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقتى. بىراق ئۇكام بۇ، ئىشتا مۇنداق بىر مەسىلە بار، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ئورۇندۇققا يېيىلىپ ئولتۇردى. شۆھرەت ئۆزىنىڭ چاكىجالىك نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەندە دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ قارشى چىققانلىقىنى بىرسىدىن ئۇققانىدى. باياتىنقى گەپلىرىگە ھەيران بولـ

غان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

— نېمە مەسىلە ئىكەن؟ — شۆھرەت ئۇدۇللا سورىدى.

— چوڭ مەسىلە ئەمەس، — مەسئۇل كادىر ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىنى يېنىك چېكىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — نىيىتىڭىز ناھايىتى ياخشى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق بىزنىڭ مەقسىتىمىز زاۋۇتلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش. سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولىدىغان بولسا، ئون ئادەم ئىشلەيدىغان ئىشنى بىر ئادەملا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ، قالغان توققۇز ئادەمنى نەگە ئاپىرىش كېرەك؟ ھا... ھا... ھا... ھەي بالا چاكىجالىك...

— ئۇ جەھەتتىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — شۆھرەت ئورۇندۇقنى سۈرۈپ، ئىككى جەينىكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، — ئەگەر ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىساملا، ھازىرقى يەتتە ئادەم ئەمەس، 70 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەلەيمەن.

— ماقۇل، دېگىنىڭىزچىمۇ بولسۇن، — مەسئۇل كادىر شۆھرەتنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ھازىرقى شارائىتتا خام ئەشيا ئاران يېتىشىۋاتسا، ماشىنىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى نەدىن ھەل قىلىسىز؟

شۆھرەت جىمىپ قالدى. دەرۋەقە ھەر ئايدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گەج مەھسۇلاتىغا كېرەكلىك ئۈچ توننا خام ئەشيا ئاران ئۈلگۈرۈۋاتاتتى، شۆھرەت

ئىلگىرى بۇ ھەقتە پەقەت ئويلىشىپ باقمىغانىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى چاقپەلەكتەك پىرقىراپ كەتتى. مەسئۇل كادىرنىڭ دېگىنى بويىچە ئويىمىدىن يالتايسۇنمۇ؟ ياق، يېڭىدىن باشلىق بولغان بىر كىشى، دەسلەپكى خاسىيەتلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىسا، كېيىنكى ئىشلاردا ئىشچىلارنىڭ ئالدىدا قانداق يۈز كېلەلەيدۇ؟ ئىلىنىڭ تاغلىرى پۈتۈنلەي مەدەنگە تولغان، ئالتۇن چىقىدىغان تاغدىن گەج چىقماسمۇ؟ خام ئەشيا يېتىشمىسە، يەنە بىر قىسىم ئەمگەك كۈچى قوبۇل قىلىپ، تاغدىن گەج رۇدىسىنى يىغىدۇ. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم نەرسە، ماشىنىلارنى قوراشتۇرۇۋېلىش. شۆھرەتنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرگەن مەسئۇل كادىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغاچ پاراڭ قىلدى.

— سىز تېخى كىچىك ئوكام، ئىش قىلغاندا، ئالدى ـ كەينىڭىزنى ئويلاپ بامەسلىھەت ئىش قىلىڭ. مېنىڭچە، سىز ئەڭ ياخشىسى، زېھنىڭىزنى يوقىلاڭ گەجگە چاچماستىن، قورۇلۇشقا قارىتىڭ.

— ئاشۇ ئىشقا نىيەت قىپتىمەن ئاكا، — دېدى شۆھرەت كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — ئادەملەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دەمسىز، خام ئەشيانى ھەل قىلىش دەمسىز ۋە باشقا ئىشلار بولامدۇ، ھەممىسىگە مەن جاۋاب بېرەلەي، ئەمدى سىلەر ماشىنا سېتىۋېلىشقا بىر قانچە مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ تۇرساڭلار، ئىشىنىمەنكى، ئىلى رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ كەچچىلىك كەسپىمىز چوقۇم تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئەگەر ئىشىمىزنى خوتقىلا سېلىۋالساق، بىز پۇلنى قايتۇرۇش ئەمەس، ھەتتا زاۋۇتنى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە شەھەر بويىچە ئوقتىلىق زاۋۇتلارنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

شۆھرەتنىڭ كېيىنكى گەپلىرى مەسئۇل كادىرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. چۈنكى ئۇ بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتى. «بولمايدۇ» دەپلا گەپنى ئۈزۈپ كەتسىمۇ بولىۋېرەتتى. بىراق زىددىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئارتىۋېلىشنى راۋا كۆرمىدى، شۇڭا قول سائەتكە قاراۋەتكەندىن كېيىن:

— بوپتۇ، ئەگەر مۇشۇنداقلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسىڭىز، ئويلىشىپ كۆرەيلى، مەن سىزنى قوللايمەن. بىراق سىز ئۇقمايسىز، بىزنىڭ بەزى كۆزى كىچىك باشلىقلىرىمىز بار، پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا بېشى ئاغرىيدۇ، مەن سىز ئۈچۈنلا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىمەن ئوكا، ئەمما ئۈمىد چوڭ ئەمەس.

3

شۆھرەت ئەتىسى كارخانىغا بېرىپ، ئۇدۇل گەج سېخىغا كىردى. ئىشقا يېڭىدىن چۈشكەن ئىشچىلار ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

— قانداق، دېگىنىمىدەك چىقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى تاش سوقىدىغان ئىشچى شۆھرەتكە مەيدىسىنى كېرىپ، — مەسئۇل كادىر ئىشىكىنىمۇ ئېچىپ بەرمىگەندۇ؟

— يوقىلاڭ گەپلەرنى تاپماڭلار، — شۆھرەت لېۋىنى ئەلەملىك چىشلىدى، — شۇنداق ئېسىل ئادەمنى قارا سانىساق مۇسۇلمانچىلىققىمۇ دۇرۇس كەلمەيدۇ...

شۆھرەت مەسئۇل كادىرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى، ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق كۈچ چىقارماقچى بولغانلىقلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

ئىشچىلار ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىدا كارخانىنىڭ چاڭجاڭى شۆھرەتنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئىشقا گۇمان بىلەن قاراپ يۈرگەن بۇ كىشى شۆھرەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. شۆھرەت ئىككى كۈندە بىر نۆۋەت مەسئۇل كادىرغا يولۇقۇپ تۇردى. مەسئۇل كادىر ھەر قېتىمدا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، باشلىقلارنىڭ قېتىلمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ بەش مىڭ يۈەن ھەل قىلىنغانلىقىنى، ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىشىنىڭ لازىملىقىنى جېكىملىگەنىدى. شۆھرەت زور ئۈمىد بىلەن بۈگۈن ئەتىگەندىلا رايونغا كېلىپ، مەسئۇل كادىرنىڭ بۆلۈمىگە كىردى.

— ئەمدى كەلدىڭىزما؟ — مەسئۇل كادىر شۆھرەتتىن ئەھۋالنى سورىماستىن ئۇنىڭغا قوپال تەگدى، — ئارىلىقتا تاغ بولمىغاندىن كېيىن ھەر كۈنى يولۇقۇپ تۇرسىڭىز بولمامتى؟

— نېمە بولدى؟ — شۆھرەت تېڭىرقىغىنىدىن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى، — ئۆزىڭىز بۈگۈن كېلىشىمنى ئېيتمىغانمىدىڭىز.

— گېپىمدىنغۇ تانمايمەن، لېكىن ئارىلىقتا كەلمىگىن دېمىگەنىدىمەن؟ — دېدى مەسئۇل كادىر تېخىمۇ تېرىككەن تەلەپپۇزدا، — ئاران ھەل قىلغان پۇلنى «بازار چاققانلىقى» دەپ، تۈنۈگۈن كەسلاتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى بېشىمىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ھەل بولمايدۇ.

— بىزگە بەرگەن پۇلنى ئۇلار نېمىشقا ئېلىۋالىدىكەن؟ — شۆھرەت تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش بىر ئۈسكۈنىنى ئۇقۇشۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان پۇل سوراپ يۈرەتتى، — مەسئۇل كادىر ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، — قايسى سېغىزخانىدىن ئاڭلىدىكىن، پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا مالىيە بۆلۈمىدە جەڭگى-جېدەل قىلىپ، ھەممىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ باشلىقلار بىلەن ئىلگىرى-كېيىن تازا دېيىشتىم. ھەممىسى مۇرىسىنى چىقىرىپ تۇرۇشتى. ئامال يوق، سىلەرگە بېرىدىغان پۇل يەنە بىر يىلغا قالدى...

شۆھرەت كارخانىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئىشچىلارغا دەپ بەردى.

— ئاشۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ يۈرەمسىز؟ — تاش سوقۇدىغان ئىشچى كىنايە تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى، — «ئات ئايلىنىڭ، يول سارىخانىنىڭ» قىلىۋەتكەن گەپ.

— پۇلنى كەسلاتا زاۋۇتى ئېلىپ كەتتى، دېگىنى يالغان. ئۇنىڭ ئۆزى بېرىۋەتكەن گەپ. بۇ ئىش بىر قېتىملا ئەمەس، بىر قانچە قېتىم بولغان. ئۇ ھە دېسە كەسلاتا زاۋۇتىنىڭ چاڭجاڭىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ھەممە ئىشنى ئاستىرتتىن ئۆزى قىلىدۇ، دېسەم دېمىسەم بۇدامۇ شۇنداق قىلدى.

— بولدى قىلايلى! بۇ گەپلەرنى، — شۆھرەت ئۇلارنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق بىلدىمۇ ياكى گەپنى ئاۋۇتۇشنى لايىق تاپمىدىمۇ ھەر ھالدا تەلەپپۇزنى سىلىقلاتتى، — ياخشى نىيەتنى بىلەن بىزگە كەتمەن چاپقان ئادەمنى ھەرگىز قارا سانىمايلى. ئەمدى يۇقىرىدىن پۇل بەرگۈچە قاراپ تۇرساق، پىلانىمىز كېچىكىپ كېتىدۇ. شۇڭا يولداشلار ئۆتكەندە دېگەندەك ماشىنىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلىمامدۇق.

— باشتىلا ئاشۇنداق قىلىدىغان گەپتى.

— ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق ...

ئىشچىلار ئارقا-ئارقىدىن سۆز قاتتى.

شۆھرەت ئىشتىن چىققان قوناق ئۇۋۇتىش ماشىنىسى بىلەن توك تۈگمىنىنى رېمونت قىلىپ ماگىزۇۋالغىنىغا بۈگۈن مانا تويپتوغرا ئون كۈن بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولماستىنلا ئىسكىلاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يۈز كىلوغا يەتمەيدىغان تاشمۇ تۈگەپ، ماشىنىدا چورتلا توختىدى.

— ئەستەغپۇرۇللا! شۆھرەت ئىشەنمىگەندەك ئىسكىلاتنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئىسكىلاتتا بىرەر تالمۇ گەج تېشى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تىت-تىت بولۇپ ئىسكىلاتقا نەچچە كىرىپ چىقتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن رايوندىكى بىرقانچە مەسئۇل كادىرلار يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان ماشىنىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلمەكچى ئىدى. شۆھرەت نەچچە كۈندىن بۇيان ئىسكىلاتنى تەكشۈرۈپ باقمىغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆكۈندى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا رايوننىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ۋېلسىپىتلىق ھالدا كارخانا قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئارىسىدا مەسئۇل كادىرمۇ بار ئىدى. قېچىپ كېتىشنىڭ ئامالى يوق، شۆھرەت يۈزىدە يەر دەسسىگەندەك بىرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

4

ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن 20 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، تاغقا گەج تاش ئىزدىگىلى چىقىپ كەتكەن شۆھرەت تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. بۇ ئىشقا رايوندا ھەممىدىن بەكرەك مەسئۇل كادىر «كۆڭۈل» بۆلۈۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى تاقىتى تاق بولغان ھالدا رايونلۇق كادىرلار بۆلۈمىگە كىرىپ، بۆلۈم باشلىقىنىڭ قېشىدا تۇرغان بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مانا، دېگىنىمدەك چىقتىمۇ، داڭلىق شۆھرىتىڭلار 8-10 ئادەمنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ تا ھازىرغىچە كەلمىدى. گەج سېخىنىڭ ئىشتىن توختىغىنىغا 20 كۈندىن ئاشتى. قۇرۇلۇش ئۇقۇشۇشقا ماگىدىغان ۋە باشقا ئىشلارنى تۇتۇدىغان ئادەم يوق. مەن باشتىلا ئۇ بىر نېمىگە ماشىنىلاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. تۇرسامۇ يوغان باشلىق قىلىپ، كاردىن چىققان ماشىنىنى قۇراشتۇرۇۋالدى. بۇنىمۇ بوپتۇ دەيلى، گەج تاش ئىزدىگىلى چىقماقچى بولغاندا يەنە تېخى

سىدىم. ئۇنىمۇ ئاستىن يەنە ئۆزىنىڭكىنى راست قىلدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قاراپ تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولماي نىمە؟ ئەگەر ئۇنى خىزمەتتىن توختاتمىساڭلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ چاتاق چىقىدۇ، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ھېلىتىن مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ ئۇ. كۆرۈپ تۇرۇڭلار، ئەتە - ئۆگۈن رايوننىڭ باشلىقلىرىنىمۇ پوش دىمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ...

— ھەر ھالدا ئىشنىڭ خۇلاسىسىنى كۆرۈۋېرەك باھا بەرسەك بولارمىكىن، — دېدى بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئىشنىڭ باشلىنىشى كۆپ ھاللاردا ئاشۇنداق ئەگرى - توقايلىقلارغا ئۇچراپ ئاندىن تۈزىلىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ يەنە بىر كادىر پىكىر قاتتى، — ئەگەر گەج تېشىنى تېپىپ كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتەمدۇ؟

— ھا... ھا ... ھا ... — مەسئۇل كادىر ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى، — مەدەن تېپىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان تاماق يېيىش ئەمەس، مەخسۇس كەسىپنى ئوقۇغان گېئولوگلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش.

ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا مەسئۇل كادىرنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. ئىشىكتە شۆھرەت تۇراتتى. ئۇ دۈگىلەك قارا كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا يۆتكەپ، مەسئۇل كادىرنى ئىزدەۋاتاتتى.

— ئۇھوي، بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ، ئاكا، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى سىزنى، — شۆھرەت ئۇدۇل كېلىپ مەسئۇل كادىرنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشتى، — ئۆتكەندە «چىقىپ ئىزدەپ بېقىڭلار» دەپ جاھان ئىش قىپسىزكەن ئاكا، سىزگە خۇش خەۋەر، بۇلۇڭكەيدىن گەج تېشى كانى تېپىلدى، مانا ئەمدى گەجچىلىكىمىزنى ئوڭغا تارتتى دەۋېرىڭ...

— پاھ، ئۇلۇغ ئىش بوپتۇ، تەبرىكلەيمەن! — دېدى مەسئۇل كادىر چىرايىدا دەرھال يالغان كۈلكە يوگۇرتۇپ، — مانا مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە سىزنىڭ گېپىڭىزنى مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا قىلىپ بېرىۋاتاتتىم، شۇنداققۇ دەيمەن؟ — ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى، بىر قانچىسى مەسخىرىلىك كۈلۈپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇشتى. مەسئۇل كادىر شۆھرەتنىڭ مۈرىسىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر سىلەر تاپقان تاشنىڭ تەركىبىدە ھەقىقەتەن گەج بولىدىغان بولسا، تولىمۇ ئېسىل ئىش بوپتۇ.

— ئۇنىڭدا مەسىلە يوق ئاكا، مانا كۆرۈپ بېقىڭ، — شۆھرەت سومكىسىدىن مۇشتەك كېلىدىغان ئىككى پارچە تاشنى چىقىرىپ مەسئۇل كادىرغا ئۇزاتتى.

— قارىغاندىغۇ مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى مەسئۇل كادىر تاشنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ھەر ھالدا لابوراتورىيىنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرەيلى، يۈرۈڭ... — ئۇ شۆھرەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— دۇنيادا قىزىل تۈلكە بولمايدۇ،

دەيدۇ، ــ دەپ سۆز باشلىدى بىرسى ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياقىسىنى تۇتۇپ، ــ ئەمما ئۇشۇ ئوغرىنىڭ ئۆزى دەل ئاشۇ قىز[illegible] تۈلكە[illegible] جۇمۇگلار.

5

قول ئەمگىكىگە تايىنىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان گەج ئىشچىلىرىنىڭ ماشىنىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۇرۇۋاتقانلىقىغا بىر ئاي بولۇپ قالاي دېدى. گەج تاش كىچىككىنە ئىسكىلاتقا پاتماي قالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئىشچىلارنىڭ تاغدىن قېزىپ چىقارغان گەج تاشلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار توختىماستىن سېتىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا شۆھرەت ئىش مەيدانىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. ئۇ بەزىدە تاش كولاۋاتقانلاردىن ھال سورىسا، بەزىدە سېخقا يۈرۈپ تاش ئېزىش، تاسقاش، قورۇش، لاي ئېتىش، قۇيۇش ۋە خۇمدان قاتارلىق ئىش ھالقىلىرىدا تۇرۇپ، تېخنىكىلىق ئىشلارغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلاتتى. تەلەپچان ئادەملەر غەلىبىلەرگە قانائەت قىلمايدۇ. شۆھرەت مانا ئەمدى مۇنۇ ماشىنىلارنى بىر قانچە يۈرۈشكە يەتكۈزۈشنى، سېخ، ئىسكىلاتلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى، ئاۋۇ ئىپتىدائىي خۇمداننى زامانىۋى خۇمدانغا ئۆزگەرتىشنى، ئىشچىلارنى بىر قانچە ئونغا ھەتتا يۈزگە يەتكۈزۈشنى پىلانلاشقا ئۆتتى. «ئىشلارنى قىلىش ئاسان، لېكىن پۇلچۇ؟» پۇلنىڭ ئىشى ئۇنى قىينايتتى. شۇنداقتىمۇ بىر تەرەپتىن پۇل تېپىش، يۇقىرىدىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل سوراش، يەنە بىر تەرەپتىن سېخنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرۇپ، مەبلەغ توپلاش قارارىغا كەلدى. بۈگۈن دەل گەج سېخنىڭ ئايلىق تارقىتىدىغان كۈنى ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن [illegible] كېچە بوغالتىر بۆلۈمىدە ئولتۇرۇ[illegible] نىڭ مائاش جەدۋىلىنى ئىشلەشكە [illegible] لەشكەنتى. ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشى 75 يۈەندىن ئايلىنىپ، ئالدىغا 130 يۈەندىن پۇل تەگدى. سېخنىڭ بىر ئايلىق ساپ پايدىسىمۇ مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى. ماشىنىلاشقان تۇنجى ئايدىكى بۇ چوڭ نەتىجىلەر ئىگىلىرىدىكى ھەر قانداق ۋاقىتلاردىكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى. شۆھرەت چۈشتىن كېيىن ئىشقا سەل كېچىكىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىشچىلار ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىشىپ، لاپاسىنىڭ ئالدىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ــ ياللا، كۈن قەيەردىن چىقتى ئاغىنىلەر؟ ــ ئۇزۇن بويلۇق بىرسى پۇلنى ئىشەنمىگەندەك يەنە بىر سانىۋېتىپ يانچۇقىغا سالدى، ــ چالتاي - پالتىيى يوق 130 سوم، بۇنداق پۇلنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم نەق ئېلىشىم جۇمۇگلار، ئىلگىرى ھەر قانچە ئىشلىسەممۇ 70 سومدىن ئاشمايتتى.

ــ ئاران 20 كۈن ئىشلىۋىدىم، 70 سوم تېگىپتۇ، ئۆتكەنلەردە بىر ئاي ساق ئىشلىسەممۇ 50 سوم تەگمەيتتى.

ــ خۇدايىم يامان كۆزدىن ساقلىغاندىن تاشقىرى، بىزنى ئاشۇ شۆھرەتتىن ئايرىۋەتمىسىلا بولاتتى دەڭلار...

ــ «ئات ئايلىخاننىڭ، يول سازدىخاننىڭ» دەپ، ــ تاش ئېزىدىغان ھېلىقى

ئىشچى پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى، — سېخىمىزنى ماشىنىلاشتۇرغان، تاغدىن گەج تاش تاپقان شۆھرەت تۇرسا، ھېلىقى رايونلۇق سانائەت بۆلۈمىدىكى مەسئۇل كادىر يۇقىرىغا دوكلاتنى قاتۇرۇپ يېزىپ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى كۆرمەمسىلەر تېخى، دەسلەپىدە ئۇ...

دەل مۇشۇ گەپنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن شۆھرەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— دائىم مۇشۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىكەنسىز، نەدىن ئاڭلىدىڭىز شۇ گەپنى؟

— ھى... ھى... ھى... — ئۇ قۇلىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — بىزنىڭ بۇ قۇلاقنىڭ ئاڭلىمايدىغان گېپى بولامدۇ باشلىق. ئەمما سىزگە دەپ قوياي، ھەققىي گەپنى ئاڭلايدۇ، يالغان گەپنى ھەرگىز ئاڭلىمايدۇ جۇمۇ. گەپ قىلسام ھەمىشەم ئىشەنمەيسىز، ئەكسىچە سىزنىڭ ئورنىڭىزنى كولىغان ئاشۇ بىر نېمىگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىسىزكەن، مەن سىزگە دەپ قوياي، ئەمدى ئالدىنى ئالمىسىڭىز، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇشۇ سېخنى تارتىۋالىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز نېمە دېسىڭىز مانا مەن...

بىكاردىن بىكار نېمىدەپ تارتىۋالىدىكەن؟ — شۆھرەت مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا سورىدى، — ئېغىزىغا كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى گەپ دەپلا قىلغۇلۇق ئەمەس.

— راستىنلا ئىشەنمەيۋاتىسىز-ھە؟ — ئىشچى باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك شۆھرەتنى سەل نېرىراققا تارتىپ ئاستا دېدى، — سىز سېخىنىڭ ئىچىدىلا يۈرۈپ، رايوندىكى گەپلەرنى ئاڭلىمايدىغان ئوخشايسىز، مەن سىزگە دەپ بەرسەم قاراڭ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا رايوندىكى كاتتىباشلار ھېلىقى كىسلاتا زاۋۇتىنى تاقايدىغان بولۇپ، بىرلىككە كەپتىكەن، مەسئۇل كادىر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ يوققا چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى كىمدىن ئۇقتىكىن، ئۇ بىزنىڭ سېخىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىسلاتا زاۋۇتى بىلەن بىزنىڭ گەج سېخىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. تېخى نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ «كىسلاتا زاۋۇتى مېنىڭ بىرىنچى نۇقتام بولسا، گەج سېخى ئىككىنچى نۇقتام، كىسلاتا زاۋۇتى بىر-ئىككى يىلدا ئۈنۈم كۆرۈدىغان نۇرۇن ئەمەس، شۇڭا گەج سېخىنى ئىككىنچى كارخانىدىن ئايرىپ چىقىپ، كىسلاتا زاۋۇتىغا قېتىپ بېرىڭلار، دەسلەپىدە گەجنىڭ پايدىسى بىلەن كىسلاتانىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇپ تۇرۇپ، كېيىن ھەر ئىككىسىدىن پايدا ئالىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رايوندىكى باشلىقلار ئۇنىڭ پىكرىنى ئورۇنلۇق تېپىپ، بىزنىڭ سېخنى ئاشۇ زاۋۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىدىغان بوپتۇ، ئەتىمالىم، ئەتە-ئۆگۈنگە قالماي بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— مۇشۇ گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستما؟ — شۆھرەت تۇرۇپلا قالدى.

6

ئاردىن ئىككى يىل ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. شۆھرەت بۇ جەريانىدا ئەڭ ئېسىل نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەمدەك تولىمۇ مەيۈس يۈردى. گەج

www.uyghurkitap.com

سېخى كىسلاتا زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز كارخانىسىدا، يەنە گەجگىلىك كەسپىنى يولغا قويماقچى بولغاندا، رايوننىڭ قاتتىق چەكلىشىگە ئۇچرىدى. شۆھرەت چىۋىننىڭ دۇنياغا كېلىپ كەتكىنىدەك ياشاشنى خالىمايتتى. باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش بىرەر قىزغا كۆڭلىنى بېرىپ ياكى مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باققىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسىيادى ئۆزى تاللىغان يەنى تۇنجى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان گەجگىلىكتىلا ئىدى. ئۆز كەسپىگە چىن مۇھەببەت باغلىغان ئادەملەر دۇنيادىكى ھەرقانداق قىيىن ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غايىۋى كۈچ 1979 ـ يىل 9 ـ ئايغا كەلگەندە ئاخىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، رايون بويىچە تۇنجى قېتىم رىقابەت سىگنالىنى چالدى.

— بۇ ئىشنى رايوننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەستىن يامان قىپسەن، ئۇكا، — دېدى شۆھرەت گەجگىلىك كەسپىنى 2 ـ ئاساسىي قاتلامدا يولغا قويۇپ تۇنجى قېتىم ئىش باشلىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى يېقىن بىر پېشقەدەم بۇرادىرى، — «ئويناشمىغىل ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەرباب بىلەن» دەپ، بۇ ئىشىڭنىڭ بىر بالاسى چىقمىسىلا بولاتتىغۇ! ...

دېگەندەكلا ئۇلار تۇنجى ئىش ھەققىنى ئېلىپ ئاز ئۆتمەستىن، گەج سېخىنى تاقاش توغرىسىدا رايونلۇق سانائەت بۆلۈمى بۇيرۇق چۈشۈردى.

— نېمە سەۋەبتىن تاقايمىز؟! — رايونغا چاقىرتىپ كېلىنگەن شۆھرەت مەسئۇل كادىرنىڭ ئالدىغا شۇ سوئالنى قويدى.

— ھېسسىياتىڭىزغا بېرىلمەڭ، بالا چاڭجاڭ، — مەسئۇل كادىر تاماكىسىنىڭ كۈلىنى ئۈستەلدىكى كۈلدانغا چۈشۈرگەچ گەپنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلدى، — ھەممە ئىشلار رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، مەن پەقەت ئاشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى بېجىرىمەن خالاس.

— بۇ ئورۇنلاردا بولسىغۇ، — دېدى شۆھرەت تەمكىنلىك بىلەن، — پارتكومنىڭ ھەر قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەتمەنلەرچە بويسۇناتتىم. بىراق ھازىر ئىسلاھات باسقۇچىدا خاتا ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا قەتئىي بويسۇنمايمەن.

— نېمە دېدىڭىز!؟ — مەسئۇل كادىر ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — ئىنتايىن ياخشى گەپ، ئۇنداقتا مۇشۇ سۆزىڭىزنى پارتكومنىڭ مەسئۇللىرى ئالدىدا ئېيتالامسىز!؟

— ئېيتماي نېمىسى بارتتى.

— ئەمىسە يۈرۈڭ! — ئۇ شۆھرەتنى باشلاپ پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ بۆلۈمىگە چىقتى. شۆھرەت بۇ يەردىمۇ يۇقىرىقى پىكىردە چىڭ تۇردى.

— دېگىنىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، — دېدى پارتكومنىڭ مەلۇم بىر مۇئاۋىن سېكرېتارى سۆزىنى دانىمۇ دانە قىلىپ، — ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كارخانا قۇرۇش ئەمەس، ھازىرقى بار كارخانىلارنى يەنىمۇ قىسقارتىپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەگەر سىلەرمۇ ئۆز ئالدىڭلارغا گەجگىلىكنى يولغا قويساڭلار، يەنە بىر ئورۇنمۇ يولغا قويسا، ئېھتىياج چەكلىك بولغان ھالەتتە مەھسۇلات بېسىلىپ، چوڭ زىيان بولمامدۇ؟

— ئىسلاھات ھەرگىزمۇ روناق تاپقان كارخانىنى تاقاپ، ئارقىدا قالغان

كارخانىنى يۆلەش دېگەنلىك ئەمەستۇر، — شۆھرەت ئۆزىنىڭ كەم بىلەن پارالگىلىشىۋاتقانلىقىنى ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي كۆڭلىگە كەلگىنىنى دەۋەردى، — ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىسلاھات ئېلىپ بارمەن دەيدىكەنسىلەر، رىقابەتنى يولغا قويۇپ، بۇ جەرياندا ئوزۇپ چىققاننى يۆلەڭلار، — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بۇرۇنلاردا بولسىغۇ قارارىڭلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلاتتىم، ئەمما رىقابەت كەڭ يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن. كارخانىلارنى ئېچىش، تاقاشنى سىلەر بەلگىلىمەڭلار، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى بەلگىلىسۇن...

شۆھرەت كېپىنىڭ ئاخىرىنى توگەتمەستىن، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مەسئۇل كادىرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئاڭلاندى:

— ئۆزىڭىزچە جىدەڭ ئېلان قىلغان ئوخشايسىز - دە، بالا چاڭجاڭ، بوپتۇ كىم-كىمنى يىقىتىدۇ، كېيىن كۆرىمىز.

7

مەمۇرىي بۇيرۇق شۆھرەت ئاچقان يېڭى گەجگىلىك كارخانىسىنى توختىتالمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ خېرىدارى كۈنسايىن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا بارغاندا، كىسلاتا زاۋۇتىغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن گەجگىلىك سېخىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىسكىلاتتا بېسىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، زىيان تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشى بېرىلمەي قالدى. شۆھرەتلەرنىڭ كارخانىسىنىڭ پايدىسى ئېشىپ، ھەر بىر ئىشچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 75 يۈەندىن توغرا كەلدى.

— گەپ يۆلەشتە ئەمەس، باشقۇرۇشتا بولۇپ قالدى، — دېدى مەسئۇل كادىر گەجگىلىك سېخىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇنىماي كېلىۋاتقان كىسلاتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقىغا ئىددىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، — مەن بۇ يەردە بولغىنىم ئۈچۈنلا سىزگە نەچچە مىڭ سوملاپ پۇل بەردۇق، يەنىلا زاۋۇتىڭلارنى تىرىلدۈرەلمەستىن، ئاخىرى پايدا ئېلىۋاتقان گەجگىلىك سېخىنى ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. ئۇنىمۇ قۇرۇتتىڭلار. ئەكسىچە، شۆھرەتنىڭ ئاچقان گەجگىلىك كارخانىسى روناق تاپتى. مېنىڭچە، ھازىر ئىسلاھات بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ئەگەشمەي بولمايدۇ، ئەگەشمەش ئۈچۈن، بىر ئورۇندا بىر كوزۇر بولۇشى كېرەك. شۇڭا شۆھرەت بىزنىڭ جانلىق كوزۇرىمىز بولۇشقا تېگىشلىك. مەيلى قانداق ئورۇندىن تەكشۈرگۈچىلەر كەلسۇن، ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويساق، ھەر ھالدا بىزنىڭ ئىسلاھات مېۋىمىز كۆرۈنگەن بولمامدۇ؟ مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، بىر رەھبەردە چوقۇم ئازراق تاكتىكا بولۇشى كېرەك. گەجگىلىك سېخىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەرگىزمۇ ئۇنى يۆلەش بولماستىن، ئەپلەپ يۈرۈپ ھەممىنى تارتىۋېلىش، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ھېچ چۈشەنمىدىم، — كىسلاتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئاڭلىنار ئاڭلانماس غۇڭشىدى، — مېنىڭچە، ئۇ، زاۋۇتنى ئەمدى تارتقۇزۇپ قويمايدۇ.

— ھا... ھا... ھا...! — مەسئۇل كادىر كۈلدى، — ئاشۇنچىلىك ئىشلارغا دىتىڭىز يەتمىگىنى ئۈچۈن تاھازىرغىچە زىيان تارتىپ كېلىۋاتىسىز - دە. مەن سىزگە دەپ قوياي، ۋەزىپىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك قىلىپ بەلگىلەپ، ئۈچ يىللىق كۆتۈرە بېرىدىمىز. ئۇنىمىسا ھەممىسى سىزگە قالىدۇ، ئۇنىسا، بىر يىلغا قالماي ۋەتۈەردىكى چىقىدۇ.

— ئۇ كۆتۈرەلمىگەننى مەن قانداق كۆتۈرىمەن؟

— سىزگە كەلگەندە ئېغىرلىقى بىر ھەسسە كېمىيىدۇ - دە.

— ھا... ھا... ھا...

مەسئۇل كادىر بىلەن چاكىجاكىنىڭ كۈلكىسى بۆلۈمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى...

شۆھرەتنىڭ گەپچىلىك سېخى يەنە ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ جەرياندىكى تۆھپىنى مەسئۇل كادىر ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىشتىن يالتايمىدى. ئۇ شۆھرەتكە بۇ جەرياندا قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىنى، باشلىقلار بىلەن دېيىشىپ كىملاتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بىلەن تىلـ لىشىپ كەتكەنلىكىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ھەر يىلى 9 مىڭ سومدىن ساپ پايدا تاپشۇرۇدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىلا، شۆھرەت ئىشەنچ قىلالماي، دەسلەپ بىر يىللىق كۆتۈرە ئېلىشنى ئېيتتى. بىراق مەسئۇل كادىر ئۇنىماي، ئاخىرى ئۇ ئۈچ يىللىق كۆتۈرە ئالدى. كارخانىدا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىۋەتتى. كىملاتا زاۋۇتىدىن ئۆتكەن 27 تونىنا خام ئەشيانىڭ ھەممىسى بېسىلىپ قالغان مال بولغانلىقتىن، خېرىدارى يوق ئىدى. ئاندىن ئىشچىلارنىڭ تېرىلىمىگەن ئىككى ئاي-لىق مائاشىنى، شۆھرەت كارخانىسىنىڭ ئازغىنە پۇلى بىلەن تۆلىدى. مائاشـ نىلارنى قۇراشتۇرۇپ، مەسئۇللار ئىشلەپ- چىقارغىچە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتـ تى. بىر پۈتۈن كىرىم بولمىغان مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئۈچ ئايلىق ئىش ھەققىنى تارقىتالمىدى.

ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلـ مىگەن ھەر قانچە سەۋرلىك ئادەممۇ تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئىشچىلارنىڭ سەۋرى قاچىسى ئاخىرى يېرىلىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى.

— ئات، ئېشەكتەكمۇ قارنىغا بېرىپ ئىشلىتىدۇغۇ، ئۈچ ئايغىچە بىر تىيىن بىر نەرسە بەرمىسەڭ، بالا - چاقىمىزنى قانداق قىلىمىز؟

— بۇدا پۇل بەرمىسەڭ، دادام ئۆيـ گە كىرگۈزمەيدۇ!

— بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟ ئۈچ-ۇق گېپىڭنى قىلغىن زادى!

شۆھرەت مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلاردىن ئويـ لاپ يۈرگەنىدى. قول ئىلكىدە بولسا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى يېنىدىن تۆلىۋەتكۈسى كېلەتتى. بىراق ئۇنىمۇ ئالدىدىكى مۇشۇ كىشىلەرگە ئوخشاش بىر پۇقرانىڭ قەلەندەرى ئىدى. ئۇ ئۈچ ئايدىن بۇيان دۇنيادىكى بارلىق چىرايـ لىق، ئۇمىدلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تاللاپ قىلىپ بولغانىدى. ئەمدى ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ، بىر يۈەن پۇل بەرگەنچە- لىك ئەھمىيىتى بولمايتتى. ئۇ ئېۋىنى

ئەلەملىك چىشلەپ، ئوردۇۋالغان ئىشچىلار ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاخىرى بولماستىن، سانائەت بۆلۈمىگە دەۋاغا باردى. مەسئۇل كادىر ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، شۇ كۈنىلا شۆھرەتنىڭ كارخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

— بالا چاڭجاڭ ! — ئۇ شۆھرەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاڭلىسام، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق ئىش ھەققىنى تېخىچە بەرمەپسىز، راستما؟

— شۇنداق.

— سەۋەبى؟

— پۇل يوق.

— كۆتۈرە ئېلىۋاپلا ئادەملەرنىڭ كېلىدىن قىسىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر راستىنلا چامىڭىز يەتمىگەن بولسا، ۋاقتىدا باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈۋېتىڭ. بولمىسا كېيىن ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ چوڭ دەرد بولىدۇ.

— ئۇ جەھەتتىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى شۆھرەت ئۈستەل ئۈستىدىكى يېڭىدىن چىققان ئەۋرىشكە ماللارنى كۆرسىتىپ، — ئەنە، مەھسۇلاتىمىزنىڭ ئالدى بۈگۈن چىقتى. يەنە 15 كۈنگىچە قالماستىن تەييار مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خۇمداندىن چىقىپ بولىدۇ، خېرىدارلىرىمىز مالنىڭ چىقىشىغىلا قاراشلىق، ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىر تىيىنىمۇ قالدۇرماي بېرىمەن.

— ھەر ھالدا شۇنداق بولغىنى ياخشى، — دېدى مەسئۇل كادىر سىلىق تەلەپپۇزدا، — ئۈستىڭىزدە گەپ تولا، بىراق نېمىشقىدۇر كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپسىز، ھەر ئىشتا سىزنىلا ئويلايمەن. شۇڭا باشتىن - ئاخىر سىزگىلا چاپان يېپىپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما ھەمىشە شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئېيتالمايمەن، جۇمۇ ...

8

گەجگىلىك يۈرۈشۈپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا ئۇلار رايونغا توختام بويىچە ئالغان پايدىسىنىڭ 70% تىنى ئايرىپ، جەمئى 18 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى.

شۆھرەتنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 300 يۈەنگە يېتىپ، رايون باشلىقلىرىنىڭ مائاشىدىن 100 يۈەن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىماي قالمىدى.

«ھەي تەتتىگىنەي! — ئىككى ئالقىنىغا بېشىنى قويۇپ، پۈتىنى بىر - بىرىگە مىنگەشتۈرگىنىچە كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقان مەسئۇل كادىر چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى، — ئاشۇ ئۈچ ئايلىق مائاشنى بېرەلمىگەن چاغدا يانپاشقا ئېلىۋېتىدىغان گەپتى. رايوننىڭ باشلىقلىرى يەنە بىر ئاي كۈتۈپ باقايلى، دەپ يولۇمنى توراپ قويدى - دە، بولمىسا توختامنى كېمەيتىپلا كۆڭلۈمدىكى بىرسىگە تەڭ شېرىكلىككە بېرىۋېتەتتىم ئەمەسمۇ. مانا ئەمدى ئاشۇ سەۋەنلىكىم تۈپەيلى پۈتۈن پۇل ئا-

شۇ سولتەكىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىـ
ۋاتىدۇ، ھەتتا مەندەك باشلىقنىڭ ئىكـ
كىسىنىڭ مائاشىنى ئېلىۋاتىدۇ. بۇمىغـۇ
مەيلىغۇ، قېرىشقاندەك پارتىيە ئەزالىقىغا
كۆرسىتىلگىنىچۇ تېخى. ئەگەر تەستىقلىـ
نىپلا كەلسە، يەنە بىر قانچە يىلدىـن
كېيىن، مېنىڭ ئۇستۇمگە چىقىمامدۇ ئـۇ؟
ئۇ چاغدا ماڭا ھازىرقىدەك ئىمتىياز نەدە؟
خەپ! — ئۇ ئىچىگە بىر يىگنە كىرىپ كەتـ
كەندەك ئاچچىق تولغىنىپ ئوڭ تـەرەپكە
ئۆرۈلدى، — يەنە بىر قېتىم يانپاشقا چىـ
قىپ قالارسەن. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ھۆرـ
كىرىگەنىڭنى كۆرەي ....»

— كەل بۇرادەر! — مەسئۇل كـادىر
ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىـن تـۇرۇپ،
ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇرۇدىغـان ئېـ
گىز بوي بۇ ئادەمنى كارىۋاتنىڭ قېشىـ
دىكى كـرېسلوغا تەكلىپ قىلدى، — خوش،
بۈگۈن قانداق يېڭى گەپ تېپىپ كەلدىڭ؟

ئۆيگە كىرگەن بۇ مېھمان مـەسئۇل
كادىرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سىرىسىز تېـ
لېفونى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كـەلگەنـدە
«يېڭى گەپ» دەپ، ئاڭلىغـان، كـۆرگەن
ياكى ئەڭ بولمىغاندا، ئىچىدىن ئويدۇرۇپ
چىققان بىرەر ئىشنى دەۋېتىپ كېتەتتى.

— دېمىسىڭىزمۇ سىز خۇشال بولىدىـ
غان ئاجايىپ يېڭـى گەپ، — دەپ سـۆز
باشلىدى ئۇ مەسئۇل كادىرغـا بىر تـال
پاپـروسنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— مەسىلەن، قانداق خۇشال بولىدىـ
غان؟

— ئەڭ ئىشەنچلىك بىر ئـادەمـدىن
بولىدىغان، شۇ يېقىندا بىر ئىش توغرىـ
لىق ئاغىنىسىنى ئىزدەپ ئۆيىگە كىرسـە
ھېلىقى شۆھرەت دېگەن نېمە ئۇنىڭ ئايا-
لىنى قوچاقلىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ مـەززە
قىلىۋاتقانمىش...

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ — مەسئۇل
كادىر گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى
تۇتۇۋالالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتـ
تى، — راست شۇنداق قىپتىمۇ؟ ئاشۇ ئا-
غىنەڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىمۇ؟

— نەق شۇنداق بولغان گەپ.
دىن ئۇنىڭ ئۇستىلەپ چۈشكەنلىكىدە
شەك يوق. ھە، ئاخىرى شۇنىڭ بىلەن، —
مېھمان گېپىنى بىر ئاز سوزۇپ، ئەمدىلا
باشلاي دېگۈچە، مەسئۇل كادىـر ئـۇنىڭ
سۆزىنى تارتىۋالدى:

— بولدى! بولدى! ئاخىرىنى دېمىـ
سەڭمۇ مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ھـازىرقى
گېپىڭنى رايونغا بېرىپ، باشلىقلارغا ئـۆز
ئاغزىڭ بىلەن دەلەلەمسەن؟

— دېمەي نېمىسى بارتتى؟ ...

مېھمانىنىڭ پاش قىلىشى، مـەسئۇل
كادىرنىڭ ئەھۋالىنـى «سالماق»لىق ئىگىـ
لىشى بىلەن، شۆھرەتنىڭ ئىستىلى مەسىـ
لىسى پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار ئارىسىدا
پۇر كەتتى. پارتكومدىكى قىسمەن كادىرـ
لار دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، شۆھـ
رەتنى خىزمەتتىن توختىتىش، كاندىدات
پارتىيىلىكىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇـ
رۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

— دەلىل - ئىسپاتلار ئېنىقلانمىغان
ئەھۋال ئاستىدا خىزمەتتىن تـوختىتىپ
قويساق بولماس، — رايونغا يېڭىدىن باشـ
لىق بولۇپ كەلگەن ئابدۇغېنى يۇقىرىقى
پىكىرگە قېتىلمىدى، — ھازىرچە كاندىدات
پارتىيىلىكىنى ۋاقىتىنچە كېچىكتـۈرۈپ،
چۈشكەن ئىنكاسنى تەكشۈرۈپ ئەمـەلىيـ
لەشتۈرەيلى.

— كانددات پارتىيىلىككە تەربىيە-
لەنگەن بىر چاغچاقچىنىڭ ئاشۇنداق چوڭ خا-
تالىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرساق تېخىمۇ
چوڭ خاتا قىلغان بولارمىز، چۈيچاڭ، — مەس-
ئۇل كادىر ئۆز قارىشىنى ئاشكارىلىماي
تۇرالمىدى.

— ئۇنىڭغۇ شۇنداق، — ئابدۇخېنىنىڭ
كەيگرى پېشانىسى ئاستىدىكى قويۇق قاشلىرى
بىر يەرگە غۇژمەكلەشتى، — ئىنىكاسلارغا
قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىش تېخىمۇ
چوڭ خاتالىق بولىدۇغۇ دەيمەن ...

9

ئۈچ يىللىق كۆتۈرە، تۆھمەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئۆتكۈنچى ياغمۇردەك ئۆتۈپ
كەتتى. مەسئۇل كادىرنىڭ كۆچەپ تىرى-
كىشىشلىرى نەتىجىسىدە ئېنىقلاش ئالتە
ئايغا سوزۇلغان بولسىمۇ، ئېھمالنىڭ
ئىنكاسى تۆھمەت بولۇپ چىقتى. شۆھ-
رەتنىڭ كانددات پارتىيە ئەزالىقى ئەس-
لىگە كەلدى. ئۇ ئۈچ يىل جەريانىدا را-
يونغا جەمئىي 27 مىڭ يۈەن ساپ پايدا
تاپشۇردى، يىللىق مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى
10 توننىدىن 50 تونىغا يېقىنلاشتى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ
ئاشتى. مەسئۇل كادىر بۇنى كۆرۈپ ئول-
تۇرالماي قالدى. كارخانىنى تارتمۇھىلىشقا
ئەمدى چامىسى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى
يەتتى. شۇنداقتىمۇ «يېتىپ قالغۇچە،
ئېتىپ قال» دېگەندەك، ئۇ توختامنىڭ
مۇددىتى توشۇشى بىلەنلا، پايدىنى كۆ-
تۈرە بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى،
شۇنىڭدىن كېيىن شۆھرەتنىڭ مائاشى
بۇرۇنقى 120 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

بىر قانچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبە-
ۋە توپلانغان مەبلەغ بىلەن شۆھرەت كار-
خانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قۇرۇلۇشقا
كېرەكلىك گەج مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش
قارارىغا كەلدى ۋە دوكلات يېزىپ رايون-
لۇق سانائەت بۆلۈمىگە يوللىماقچى بول-
غاندا، كارخانىدىكى بىر كادىر ئۇنى توسۇپ:

— مەسئۇل كادىرنىڭ ساڭا قىلغىنىنى
ئازمۇ؟ ئەگەر دوكلاتنى يەنە ئۇنىڭ قولى-
غا تۇتقۇزساڭ، يەنە بىر پۇتلىكاشاڭغا
يولۇقىسەن، — دېدى.

— ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، —
شۆھرەت ھېچ ئىش ئۆتمىگەندەك جا-
ۋاب بەردى، — مەنچە مەسئۇل كادىر ئۇن-
چىمۇ يامان ئادەم ئەمەس ...

شۆھرەت كارخانىدىكى كادىرلارنىڭ
دېگىنىنىمۇ كۆنمەستىن ئەتىسى دوكلات-
نى ئېلىپ مەسئۇل كادىرنىڭ قېشىغا باردى.

— پاھ ! ھوي، پىلانىنى قالتىس كات-
تا تۈزۈپسىز - غۇ، بالا چاغچاڭ، — مەسئۇل
كادىر شۆھرەتنىڭ دوكلاتىنى بىر قۇر
ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن چىرايىغا يال-
غان كۈلكە يۈگۈرتۈپ سورىدى، — تۇرلۇك
ھەيكەللەرنى ئىشلەشتىن بىراقلا گەج تاخ-
تاي، گەج پاراشوك ئىشلەشكە ئۆتەي دەپ-
سىز - دە، غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا! بىراق
سىز ئالماقچى بولغان مۇشۇ 36 خىل ما-
شىنا - ئۈسكۈنىلەرگە ئاز بولغاندا بىرەر
يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدۇ،
رايوندىكى باشلىقلار ئۇنىمىدىكەن - تاڭ،
مېنىڭدىغۇ چاتاق يوق.

— پۇلغۇ سىز دېگەندەك كۆپرەك
كېتىدۇ، — شۆھرەت يەرگە قاراپ ئەھۋالنى

چۈشەندۈردى، — ئۆزىمىزدە 10 مىڭ يۈەنـ دەك پـۇل بـار. رايون بار پۇلنى ئاجراتـ سا، يېتىشمىگىنىگە بانكىدىن، پەن - تېخـ نىكا كومىتېتىدىن قەرز ئالساق، بىر گەپ بولۇپ قالار دەيمەن.

— بولىدۇ، مەن ئىلاجى بار بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كـۆرسىتىپ بـاقاي، — مەسئۇل كادىر يوزتىسىيىسىنى بىلدۈردى...

ئارىدىن بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۆھرەت هەر قېتىم كەلـگەنـدە مەسئۇل كادىر ئۇنى «تېخى باشلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بىر يەرگە كەلمەيۋاتىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم هەل قىلىـ مەن» دەپ يولغا سالاتتى. ئەمما، دوكلاتـ نى بولسا، ئۇستەلنىڭ تارتـمىسىدىن ئالـ ماي يۈرۈۋەردى. شۇنـداق كـۈنـلەرنىڭ بىرىدە رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى شەهەرـ نىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر شورلۇقتا يېـ ڭىدىن بىر كارخانا قۇرۇشنى قارار قىلـ دى. مەسئۇل كادىر بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ئۇزۇندىن بۇيان هەل بولماي كېلىۋاتقان تۈگۈننى يەشتى.

— ئىنتايىن ياخشى قارار بوپتۇ، — دېدى مەسئۇل كادىر باشلىقلارنىڭ گېپىـ نى ئاڭلىغاندىن كېيىن قولـلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئەمما مەنـدە مۇنـداق بىر تەكـلىپ بار، — ئۇ تارتمىسىدىن شۆھرەت سۇنغان دوكلاتنى ئېلىپ، ئۇلارغا كۆرسەتـ كەچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — گەجچىلىك كارخانىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، مەھـسۇلات تۈرلىرىنى يەنىمۇ كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئىكەن، مېنىڭچە، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان كار- خانىنى ئۇلارنىڭ هازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈپ، گەجـچىلىك كارخانـىسىنى ئاشۇ شورلۇققا يۆتكىسەك.

ئۇزۇن كۈسۈرلاشلاردىن كېيىن، رەھبەرلىكتىكى بىرەيلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنـ داق دېدى:

— كۆپ يىللىق ئاساسـقا ئىگە بىر كارخانىنى يېڭى ئورۇنغا يۆتكىسەك، مەنچە مەبلەغنىڭ هەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشـقا سېلىنىپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيـ تىش قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا گەجچىلىك كارخانىسىنىڭ ئۆز ئورنىدا تۇ- رۇۋەرگىنى ياخشىمىكىن؟!

ئەمـما، مەسـئۇل كادىر شۇ كـۈنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆز هىمايىچىلىرىنى سۆزلىتىپ، ئاخىرى گەجچىلىك كارخانىسىنى شورلۇققا يۆتكەش مۇددىـئاسىنى ئىـشقا ئاشۇردى. يىغىندىن كېيىن بىرلا مەمۇردي بۇيرۇق بىلەن شۆھرەت گەجـچىلىك كار- خانىسىنى شورلۇققا يۆتكەشكە مەجبۇر بولـ دى. بۇ دەل 1983 - يىل 9 - ئاي ئىدى.



گەجچىلىك كارخانىسى ئورۇنلاشقان شورلـۇق شەهەردىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقـ تا بـولۇپ، ئەتـراپلىرى پۈتـۈنلەي دېڭىـ دەك سازلىق ئىدى. شۆھرەت ئىـشچى- خىزمەتـچىلەرنى هەرىكەتـلەنـدۈرۈپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىـچىدە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتـكە ئىـگە زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى ئۆز كـۈچىگە تايىنىپ ياساپ چىقتى. ئارقىدىن بار بولغان ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇپ، توك سىملىرىنى تارتتى. بۇ جەرياندا ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەهەتـ تىن توختاپ قالدى، كارخانا ئۆزىدە بار پۇلنى يىغىشتۇرۇپ مائاشنى ئاران تارقاتتى. شۆھرەتـنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرى يېڭى ئورۇنغا

يۆتكىلىش بىلەن خۇددى تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يولداشلىرى ئېيتقانىدەك تولىمۇ ساددىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ كارخانىدىكى كۆڭلى يېقىن ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، رايونغا يېڭىدىن باشلىق بولۇپ كەلگەن ئابدۇغېنىگە كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىدىغان بولدى. بىرنەچچە نۆۋەت سىردىشىش ئارقىلىق، ئابدۇغېنى شۆھرەتنىڭ ئىجادكار روھىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى ھەمدە ئۇنىڭ قوشنا ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى گەج زاۋۇتلىرىنى زىيارەت قىلىپ كېلىش تەكلىپىگە قېتىلىپ مۇنداق دېدى:

— تۈگىمەس توساقلار گەرچە سىزنىڭ ئىلگىرىلىشىڭىزگە پۇتلىكاشاڭ بولغان بولسىمۇ، يولىڭىزنى تورالماپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توساقلارنى بولمايدۇ دېگىلى بولماس، مۇھىمى، قايتماس روھىڭىزنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى قايسى جايغا بېرىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ كەلسىڭىز بولىدۇ، مەن رايونلۇق ھۆكۈمەت نامىدىن سىزنى قوللايمەن.

شۆھرەت 1985 - يىل 6 - ئايدا سەپەرگە ئاتلىنىپ، 7 - ئايدا قايتىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى گەج زاۋۇتلىرى ۋە گەج بىلەن ياسالغان قۇرۇلۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، گەجچىلىككە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىدى. گەج تاختاي ئىشلەشكە ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى. ياناشىدا قەشقەر شەھىرىدىن بىر ئويمىگەر ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ بىللە ئېلىپ چىقتى. كېلىپ ئاز ئۆتمەستىن مىللىي بىناكارلىقتىكى كاھىش، گەج، نەققاشچىلىق تونۇشتۇرۇلغان «ئۇچۇق ئاسمان ئۈستىدىكى مۇزېي» ناملىق كىتابتىن بىرنى تاپتى. ئۇ كارخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەتقىقات پىلانى تۈزۈپ ئابدۇغېنىگە كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ئاز بولغاندا 10 مىڭ يۈەن پۇل كېتەتتى. لېكىن رايوندا ئۇنچىلىك پۇل نېمە قىلسۇن؟ شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىدىن پۇل سورىغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ھېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن بۇ كارخانىغا پۇل بېرەلمەيتتى.

ئابدۇغېنى نۇرغۇن ئويلىشىپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ يەنىلا كارخانىنىڭ مەبلىغىگە تايىنىپ، سىناق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۆھرەت كارخانىنىڭ پۇلى بولسىمۇ ئامالسىز سىناقنى باشلاشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارىدىغان ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالدى. شۆھرەت دەسلەپتە بېرىشتىن يالتايغانمۇ بولاتتى، بىراق 80 ياشقا تاقاپ قالغان مومىسىنى يالغۇز يولغا سېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كېچىسى سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلسا، كۈندۈزى گەج تاختا سىنىقىنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەپ، كارخانىدىكىلەرگە پۈتۈن ئىشلارنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى. چەتئەلگە ماڭغان كۈنى ئۆزىنى ئۇزىتىپ كەلگەن خىزمەتداشلىرىغا مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— 2000 - يىلغا قەدەم قويىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز نېمە ئۈچۈن 2000 يىل

ئاۋۋالقى ئىشلارنى قىلالمايمىز، ھازىرقى
پەن - تېخنىكا، ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى،

شۇچاغدىن ھازىرغىچە بولغان ئەمگەكلەر-
نىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

11

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەسئۇل
كادىردىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن،
ئۇ خەۋەرسىز ئىدى. شۆھرەت چەت ئەل-
گە چىقىپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن
«سىمسىز تېلېفون» يېڭى ئۇچۇردىن
يەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى.

— شۆھرەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن
ئۆتكۈزمەستىنلا قەشقەردىن بىر ئويمىگەرنى
تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپتۇ، كارخانىنىڭ
خىراجىتى بىلەن گەج تاختا ئىشلەشنى
سىناق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ.

— نېمە؟ — بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان
مەسئۇل كادىرنىڭ ئۇچلۇق كۇسا ئېڭىكى
غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، — تېخى ئاتقا
مىنىشنى تۈزۈك ئۆگەنمەي، ماڭا سالما تاش-
لىماقچى بوپتۇمۇ ئۇ، — مەسئۇل كادىر
بىر تال پاپىروسنى تۇتاشتۇرۇپ سۆزىنى
داۋام قىلدى، — يولۋاسنى ئوۋلايدىغان
توشقان تېخى دۇنياغا تۆرەلگىنى يوق!...

مەسئۇل كادىر پۈتۈن غەزىپىنى
كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەنگە
قاتىرىدى. ئۇ رايوندىن تارتىپ تا ۋىلا-
يەتكىچە شۆھرەت ئورۇنلاشتۇرغان گەج
تەتقىقاتىنى توختىتىش ھەتتا كارخانىنى
تاقاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. لېكىن
ھېچ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، ئا-
خىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇناسىۋەتلىك
تارماقلارغا قەدەم باستى. ئۇ ئەڭ ئىشەنچ-
لىك بىر ئادەمنى ئىزدەپ تاپقاندىن
كېيىن، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ
مۇنداق دوكلات بەردى:

— بىزنىڭ رايونلۇق
نىسىدىكى شۆھرەت دېگەن
ھېچقانداق تېخنىكا ئۆتتۈنۈپ بىرىش
قىنى تۆلىمەستىن، سىلەرنىڭ گەج تاخـ
تاي ئىشلەش تېخنىكاڭلارنى ئوغرىلىغان
ھەمدە شەھەر ۋە ۋىلايەتلىك پەن - تېخ-
نىكا كومىتېتلىرىدىن بىر قانچە ئون مىڭ
يۈەن پۇل سوراپ، بۇ ئىشنى سىناق قىل-
ماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ چوكا
زاۋۇتىغا بېرىدىغان پۇلنى شۇلارغا ئۆتتۈ-
نۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. پىكىر قىلماي
دېسەم، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىنىڭ لايغا
ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم. مۇشۇ
ئىشقا ئېنىق يولىيورۇق بەرسەڭلار.

مەسئۇل كادىر ئاپتونوم رايوندىكى
يېقىن ئادىمىنىڭ چۈشۈرگەن «يوليورۇقى»
نى ئېلىپ، دەرھال غۇلجىغا قايتىپ كەل-
دى - دە، گەج زاۋۇتىغا بېرىپ گەج تاختا
سىنىقىنى توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.
بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن بىر قانچەيلەن بول-
غان ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن
رايون باشلىقى ئابدۇغېنىنىڭ ئالدىغا كەل-
دى. مەسئۇل كادىر ئۇلارنى سىرتتىن
كۆزىتىپ، دېرىزىنىڭ تۆۋىدە پاراڭغا قۇلاق
سېلىپ تۇردى.

— ھازىر ئۈچ خىل ئويما چىقتى، —
دېدى كەلگەنلەر ئابدۇغېنىگە دوكلات قى-
لىپ، — ئەمدى تاختا چىقىرىشنى سىناق
قىلساقلا بولىدۇ، بىز تېخى باشلا - باش-
لىمايلا نېمە ئۈچۈن توختىتىش بۇيرۇقى

چۈشۈرۈشلەر؟

باش ـ ئاخىرى يوق بۇ سوئالدىن بىر نېمە چۈشىنەلمىگەن ئابدۇغېنى كەلگەنلەردىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن:

— سىناقنى توختىتىش توغرىسىدا ھېچقانداق بۇيرۇق چۈشۈرۈلمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان مەسئۇل كادىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئابدۇغېنىنى مات قىلىش غەرىزىدە ئۇستىلەپ بۆلۈمگە كىردى.

— سىناقنى توختىتىش توغرىسىدا سىز بۇيرۇق چۈشۈردىڭىزما؟ — ئابدۇغېنى ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ تۇرغان مەسئۇل كادىردىن سورىدى.

— شۇنداق، مەن چۈشۈرگەن.

— بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق قانداق بۇيرۇق ئۇ؟

— ئەتىمالىم ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز‑دە، — مەسئۇل كادىر ئىچ يانچۇقىدىن ئىككى قاتلانغان بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ، يوغانچىلىق بىلەن ئابدۇغېنىغە ئۇزاتتى، — مانا بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇنداق ـ مۇنداقمۇ يەر ئەمەس، دەل ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى، — ئابدۇغېنى كونۋېرت ئىچىدىكى خەتنى ئېلىپ بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى ـ دە، كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، مەسئۇل كادىرغا شۇنداق دېدى:

— بۇ پەقەت مۇشۇ خەتنى يازغان ئادەمنىڭلا تونۇشىكەن، بۇ كىشى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇڭا كارخانىدىكىلەر سىناقنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن...

— تېخنىكىۋى ئىشلارغا مەن مەسئۇل، — دېدى مەسئۇل كادىر ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — كېيىن مەسىلە چىقسا، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئالىسىلەر، ياخشىسى، مەسىلە چىقماستىن بۇرۇن توختىتىپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئېغىزىمىدىن چىققان گەپتىن ھازىرغىچە تېنىپ باقمىدىم.

— مەنمۇ شۇنداق! — مەسئۇل كادىر بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى.



مەسئۇل كادىرنىڭ ئۆزۈمچىلىكى چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن خەتنى دەستەك قىلىپ، گەج كارخانىسىدا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋەردى. ئىشچىلارلا ئەمەس، شۆھرەت چەت ئەلدىن كەلگەندىن كېيىنمۇ سىناق قىلىشنى ئېلىپ بارالمىدى. قەشقەردىن كەلگەن ئويمىگەر چىقارغان ئۈچ دانە ئويمىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر قانچە يۈز يۈەن پۇل ئېلىپ كېتىپ قالدى. شەكىل چىقتى، ئەمدى گەپ سۇدىن، ئوتتىن قورقمايدىغان، ھەرىلەشكە، رەندىلەشكە، مىخلاشقا بولىدىغان گەج تاختىنى چىقىرىشتا قالغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بېسىم، چۇقانلار شۆھرەت ئەمەس، رايونلۇق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى.

— گەج تاختا ئىشلەشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇغېنى ئىنتايىن سەمىمىي تەلەپپۇزدا.

— ئۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — شۆھرەت ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى، —

دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز، تەتقىقاتتا تىنىچ مۇھىت بەكمۇ مۇھىم. شۇڭا تەجرىبە، سىناق قىلىشنى ئۆيۈمدە قىلايمەن دەۋاتىمەن...

شۆھرەت ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن، ئۇسخا چىقىرىشنى ئۆيىگە يۆتكەپ كەتتى. كۈندۈزى كارخانىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى بىلەن بولسا، كېچىسى گەج تاختا ئۇسخىسىنى چىقىرىش سىنىقىنى ئېلىپ باردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئۇسخا چىقمايۋاتاتتى. شۆھرەت ئۆزىنىڭ يېتىمشەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كارخانىدىكى ئابدىقادىرنى ياردەمچىلىككە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى بىر خالتا گەج پاراشوكى ئەكىلەتتى، شۆھرەت ئۆيىنىڭ داس، چېلەكلىرىدە لاي ئېتىپ، ئۇيما قېلىپىغا قۇياتتى. بۇ جەرياندا يېگىدىن تالاي داس، چېلەكلەرنى سېتىۋېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرقانچە يۈز يۈەن چىقىم تارتىپ، ئايالىنىڭ تاپە-تەنىسىگىمۇ ئۇچرىدى. ھەر قېتىم ئۇيما قېلىپقا قۇيغان ئۇسخىسى قېتىشىپ قېلىپتىن ئالغان ھامان سۇنۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئىككىلەنمەي ئىككىنچى نۆۋەت باشقا بىر بىرىكمىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قۇياتتى، نەتىجىسى ئوخشاشلا چىقاتتى، مۇنداق بىرىكمە ئارىلاشتۇرۇش، قۇيۇش، قۇرۇتۇشلار يۈزنەچچە قېتىم قايتىلاندى. نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش ئىدى. بۇنىڭدىن زېرىككەن ياردەمچىسى ئابدىقادىر بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— ئاداش، ئاخىرى شەرمەندىمىز چىقىپ يۈرمىسۇن، بۇ ئىشىمىزنى خەق بىلىپ قالغۇچە ئاستا يوق قىلىۋېتەيلى، — دېدى.

— قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، — شۆھرەت ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق دېدى، — مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ چامىسى يەتمىگەن ئىشقا بەل باغلىمىغان. سەن ئىشەنچ قىلالمىساڭ، توسۇپ قالالمايمەن، ئەمما مەن ئۇسخىنى چىقارمىغۇچە مۇرادىمدىن قايتمايمەن.

ئابدىقادىر يېرىم يولدا ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشقا يۈزى چىدىماي داۋاملىق بىللە ئىشلەۋەردى. شۆھرەتنىڭ گەجگە ئارىلاشتۇرىدىغان بىرىكمىلىرى قالمىدى. لېكىن ئۇسخا يەنىلا چىقمىدى. ئارىلاشتۇرىدىغان بىرىكمىمۇ قالمىدى. شۆھرەت سىناقنى بىر نەچچە كۈن توختىتىپ قويۇپ، مەخسۇس ماتېرىيال كۆردى. ئاخىر ئۇ بىرقانچە بىرىكمىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر خىل بىرىكمە ياساپ چىقتى. بىراق بۇ خىل بىرىكمە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىرىكمىنى گەجگە ئارىلاشتۇرۇپ، خالار-خالىماس ھالدا بىر تاۋاققا قۇيۇپ كۆردى. قارىسا، گەج تاۋاقتا تۇرۇپ، تەدرىجىي قېتىشقا باشلىدى. شۆھرەت يەنە بۇنىڭغا! دېگەندەك ئىشەنچ قىلالماي، تاۋاقنى تالاغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ ياتتى. بۇ دەل كېچە سائەت 12 دىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى...

ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە تاراقشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتى-دە، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى. قارىسا، ئاخشام تاشلاپ قويغان تاۋاقتىكى گەجنى بېقىۋاتقان ئىت، چىشلەپ، پېشايۋان ئۈستىدە ئويناۋاتقانىكەن. شۆھرەت كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا ئىت-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ ئۆيۈنىگە بىردەم قاراپ تۇردى. ئىنگىسىنى كۆرگەن ئىت تېخىمۇ ئەركىلەپ، ئىككى ئايىغىدا بېسىپ ياتقان گەج نۇسخىسىنى چىشلەپ ئالدى - دە، پېشايۋاندىن يەرگە پىرقىرىتىپ ئاتتى. گەج نۇسخىسى تال باراڭنىڭ ئاستىدىكى يوغان تۆت قىرلىق شىبەن تاشقا تەگدى. ئىت پېشايۋاندىن سەكرەپ چۈشۈپ، گەج نۇسخىسىنى تاش بىلەن قوشۇپ بېسىۋالدى. شۆھرەت ئىتتىنىك بېرىپ، ئىتنىڭ ئاستىدىكى گەج نۇسخىسىنى تارتىۋالدى. گەجگە ئىتنىڭ چىشى پېتىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۇچۇلۇپ كەتكەن بىرەر يېرىمۇ يوق ئىدى. شۆھرەت ئىشەنمىگەندەك گەج نۇسخىسىنى يەرگە بىرقانچە قېتىم ئۇرۇپ بېقىۋىدى، ھېچنىمە بولمىدى.

— غەلىبە قىلدىم! غەلىبە قىلدىم! — ئۇ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئايالى ساپما ئايىغىنى كىيىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى.

— تارتقان جاپايىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگىن، — شۆھرەت نۇسخىنى تېگىرقاپ تۇرغان ئايالىغا ئۇزاتتى. ئايالى ئۇنى قولىغا ئېلىپ يېنىك بىر «ئۇھ» تارتىۋەتكەندىن كېيىن:

— يائاللا، مېنىڭمۇ يېرىم جېنىم قالمىۋىدى، ئاخىرى ئىشقا ئېشىپتۇ - دە، مۇشۇنى ئاپىرىپ دەرھال ھېلىقى كۆرەلمەس كادىرىڭىزنىڭ كۆزىگە تىقىڭ! — دېدى.

— ھازىر ۋاقتى ئەمەس، — دېدى شۆھرەت نۇسخىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، — تېكىست يېزىلدى، مۇزىكا ئىشلەندى، ئەمدىكى گەپ ناخشا ئېيتىشتا قالدى. بۇ ناخشىنى بىز ئۆيدە ئېيتىمىز، شۇڭغىچە سېنى يەنە ئىشقا سالمىسام، بىز چىقارغان نۇسخىلارنى سەن قۇرۇتۇپ بېرىدىسەن، بىر ئۆيگە يەتكۈدەك بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەممىسىنى يىغىپ، يېڭى ئۆي ياسىغان بىرسىنىڭ تورۇسىغا مىخلاپ بېرىمەن. ئاندىن ھېلىقى مېنىڭ ئىشىمنى يوققا چىقارماقچى بولغان مەسئۇل كادىر ۋە رايوننىڭ باشلىقلىرىنى باشلاپ بېرىپ كۆرسىتىمەن.

13

شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ئالتە شوئار» مەھەللىسىدىكى يېڭى توي قىلغان بىر يىگىتنىڭ ياسىداق ئۆيىگە شۆھرەت باشلاپ كەلگەن ئادەملەر توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تورۇسقا مىخلانغان «ئانار گۈللۈك» گەج تاختىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراشتى ۋە تاماقلىرىنى چېكىشىپ ئىختىيارسىز ماختىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەسئۇل كادىرلا بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەستىن، ئاللىقانداق تېگى يوق خىيال بىلەن بەنت ئىدى.

— تەبرىكلەيمەن، ئاجايىپ ياخشى، كۆركەم نەرسىكەن بۇ، — دەپ شۆھرەتنىڭ قولىنى سىقتى توپ ئىچىدىكى بىرسى ھاياجىنىنى باسالماي.

— مۇشۇنچىۋالا ئىشنى قىلىپ بولغۇچە تىنىپمۇ قويماپسىز - ھە؟ قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز؟

— تېخنىكا ئۆتتۈنۈپ بېرىش ھەققى

تۆلەنگەندىلا دەيدىغان ئىش بۇ، — دېدى شۆھرەت چاقچاق قىلىپ، — ئەمما ئۇچۇقىنى دېسەم، بۇنىڭدىنمۇ ئېسىللىرى بار. مەسىلەن، گۈلنىڭ ئۆزى 14 كە يېتىدۇ، مىخ-لاشنىڭ ئۆزى مۇنۇ تۈز مىخلاشتىن باشقا ناۋا مىخلاش، نەقىش ناۋا مىخلاش، يال-غۇز ۋە قوش كوروپكىلىق مىخلاش، ئوت-تۇرىغا ھەر خىل گۈللۈك كۈرگۈل ئېلىپ مىخلاش قاتارلىقلارغا كۆپىيىدۇ، تېخى.

شۆھرەتنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا باشقىلار بۇ تېخنىكىنى تېزدىن كېڭەيتىش توغرىسىدا بەس - بەستە تەكلىپلەر بېرىشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى مەجلىسخانىدەك قاي-ناپ كەتتى.

— كېڭەيتىشكە بولمايدۇ، — مەسئۇل كادىر ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چاقىغاندەك تۇيۇقسىز قارشى چىقتى، — بىرىنچىدىن، گەج تاختا دېگەن ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق سۈپەتسىز مەھسۇلاتنىڭ خېرىدارى نەدە تۇرۇپتۇ؟ مەنچە بۇنى كېڭەيتىش ئەمەس، شۆھرەتكە چارە كۆرۈش كېرەك. چۈنكى ئۇ تەشكىلنى كۆزگە ئىلماي، ئاپ-تونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى-نىڭ بۇيرۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، كوللېكتىپنىڭ نۇرغۇن مەبلىغىنى بۇزۇپ چاچتى.

مەسئۇل كادىرنىڭ بۇ سۆزىگە شۆھ-رەت يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان ئاچچىق گەپلەردىن بىرقانچە تىزىق مارجان يا-ساپ، مەسئۇل كادىرنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويماقچى بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆ-ڭۈلچەكلىكى بۇنىڭغا يول قويمىدى. «دېمىگەننى دەۋالغىلى بولىدۇ، ھەر هال-دا ئېغىر بېسىق بولغىنىم ياخشى» ئۇ ئە-نە شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى ھاي بەردى. دېمەك، ر[illegible] قالمىغا-نىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى [illegible] يە-غىنى» مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۆھرەت شۇ كۈنى قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي [illegible] خىيالىنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتۈپ باقتى. ئىراق تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە پۇل ياردەم بېرىدىغان بىرەر ئورۇننى تاپالمىدى. ئابدۇغېنى ئۇنىڭ كاللىسىغا تۆتىنچى قېتىم كىردى. «ئۇ ئادەمغۇ ئاللىبۇرۇن بۇ تېخنى-كىنى قوللاش ھەققىدە ئۇچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ بولغان، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئىراق رايوندىكى باشقا ئادەملەر بۇنى قوللىمىغان شارائىتتا ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بارسام، خىجالەت قىلىپ قويارمەنمۇ، ئەھ-ۋالنى دېسەم ياق دېمەيدۇ، ئىراق پۇلنى ھەل قىلىشتا قىينىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم يېڭىدىن كەلدى، ئەتراپىدا قانات - قۇي-رۇق بولىدىغان ئادەملىرى يوق، نېمە بولسا بولمامدۇ». شۆھرەت بىردىن نىيە-تىدىن يالتايدى: «ھەرقانداق ئىشنىڭ بول-سا مېنى ئىزدە، دېۋىدى، ھەر هالدا بولغان ئەھۋالنى بېرىپ دەپ باقاي، پۇلى بولمىسىمۇ يولى باردۇ...»

* *

ئابدۇغېنى شۆھرەتنىڭ گېپىنى ئاڭ-لىغاندىن كېيىن شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىدىن ۋە بانكىدىن بولۇپ جەمئىي 40 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بەردى. شۆھرەت دەرھال ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، گەج تاختا چىقى-رىشتا ئائىت ھەر خىل باسقۇچلۇق خىز-مەتلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. يېڭىدىن

گەج قورۇش ئۇچىقى، قۇرۇتۇش سېخى ۋە جاھازىلىرى، مىللىي ئۇسلۇبدىكى كاۋچۇك قېلىپلىرى، گەج تاختا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، بىر قاتار تېخنىكىلىق ئىشلارنى تۈگەتتى، كەم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن 20 نەچچە خىلنى سېتىۋالدى. ئىشچىلار ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا نۇرغۇن گەج تاختا ئىشلەپچىقاردى. بۇ يېڭى مەھسۇلات تازا بازار تاپتى. گەج تاختا سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، كۆركەم بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدىكى يېڭىدىن ئۆي ياسىغان نۇرغۇن ئائىلىلەر تورۇسلىرىغا تاختاي قېقىشتىن يالتىيىپ، گەج تاختا مىخلاتتى. 1987 - يىلى تۆت ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار گەج تاختا مىخلاشتىن 16 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم كىرگۈزدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 10 - 15 يىللىق توختام بىلەن مىخلاپ بېرىلگەنىدى.

— مۇشۇ توختامغا كەلگەندە نوبدانلا كەتكۈزۈپ قويىدۇققۇ دەيمەن، — دېدى شۆھرەتنىڭ ئابدۇقادىر دېگەن ياردەمچىسى بىر كۈنى ئۇنىڭغا، — ناۋادا شۇ ئارىلىقتا يېرىلىپ ياكى چۈشۈپ كەتسە، نۇرغۇن چىقىمدار بولۇپ كېتىمىز. مەنچە، ئېشىپ كەتسە ئۈچ يىللىق توختام بىلەن مىخلاپ بەرگىنىمىز تۈزۈكتى.

— بىھۇدە ئەنسىرەش، — شۆھرەت ياردەمچىسىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈردى، — 15 يىل ئەمەس، 30 - 40 يىل چىدايدۇ.

— تەبىئىي ئاپەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — ياردەمچىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر گەج تاختىنى ئېلىپ، چۆگۈندىكى سۇنى ئۈستىگە قۇيۇپ كۆرسەتتى، — مانا قارا، مۇنۇ سۇدىن ئاز بولغاندا، 5% ئەتراپىدا گەجگە سىڭىپ كەتتى، ئەگەر ئۇدا بىرقانچە سوتكا يامغۇر ياغسا، ھازىرقى گەج تاختايلىرىمىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

ياردەمچىسىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، كىچىككىنە تەجرىبىسىدىن شۆھرەت ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. نېمىشقا ئۇ بۇرۇن بۇ جەھەتلەرنى ئويلاپ باقمىدى. غۇلجىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ كۆرۈپ كېلىۋاتاتتىغۇ؟ ئۇ ياردەمچىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئۆيىگە بېرىپ، بايىقى تەجرىبىنى بىر كېچە قىلىپ كۆرۈپ باقتى. تۆت دانە گەج تاختا سىناق جەريانىدا سۇنى تامامەن ئۆزىگە سۈمۈرۈپ، پۈتۈنلەي كۆپۈپ، قېيىپ كەتتى. ھەتتا بەزىلىرى يېرىلىپ ئەسلى ھالىتىنى يوقاتتى. «ئاھ! ئەخمەق كاللا، بۇرۇن مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمىدىڭ، غۇلجىدا 15 يىلغىچە سوتكىلاپ يامغۇر ياغماسلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ شۆھرەت دۈشمەنگە باھانە، دوستقا خاپىلىق تېپىپ بەردىڭ...»

14

يېڭىلىقتا بولىدىغان توسالغۇ يالغۇز ئادەملەردىنلا ئەمەس، ھەتتا نۆۋىتى كەلگەندە تەبىئەتتىنمۇ كېلىدۇ. مەسئۇل كادىرنىڭ شۇ كۈنلەردىكى قۇتراتقۇلۇقى يېتىشمىگەندەك، 1987 - يىلى 10 - ئايدا باشلانغان يامغۇر توپتوغرا 45 كۈن توخـ

تىماي ياغدى. ئۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ ياكى گەرىدىزلىرى چۈشۈپ ھەتتا ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. چىپىلداپ ئۆتكەن تامچىنىڭ دەستىدىن خەقلەر ئۆيلىرىنىڭ تورۇسلىرىغا يالتىراق تارتىپ بىر پارچە كىگىزنىڭ ئۈستىگە يىغىلىۋېلىشتى. بىر مېتىرى 50 تىيىنغا يەتمەيدىغان يالتىراق ئىككى يېرىم سومغا چىقتى. غۇلجىلىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

شۆھرەتنىڭ ئۆيىدىن بىر ھەپتىگىچە يامغۇر ئۆتمىدى. 8 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ ئانچە ئېرەك قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، تامچە ئۆتكەندىن كېيىن گەج تاختا مىخلاتقانلارنى ئويلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆز ئۆگزىسىگە توپا، كۆل تۆكتى. ئۆيىنىڭ ئىچىگە يالتىراق تارتتى. ئاندىن كېيىن يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماستىن، غۇلجىنىڭ پاتقاقلىق مەھەللىرىنى ئارىلاپ، گەج تاختا مىخلاتقان 7 - 8 ئائىلىگە باردى. ھەممىسىنىڭلا دېگۈدەك كۆرۈپ، ئېگىلىپ ھەتتا بەزى جايلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. دېمەك، پۈتۈن شەھەردىكى گەج تاختا مىخلاتقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشەنچ قالمىغانتى. شۆھرەت كىرگەنلا ئۆيدىكىلەرگە كىبلەر يىلى قايتىدىن ھەقسىز مىخلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پۇلنى ۋىجداننىڭ ئۈستىگە دەسسىتىشنى نومۇس بىلىدىغان كىشىلەر ھەممىلا يەردە تېپىلىدۇ. گەرچە گەج تاختا مىخلاتقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئاجايىپ خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئىشنى تەبىئىي ئاپەتتىن كۆردى. شۆھرەتنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ توختامغا ئې-

سىلىۋالمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

مەسئۇل كادىر[illegible]نىڭ كۆڭلى تۇغقانىدى. ئۇ گەج تاختا مىخلانغان بىر قانچە ئائىلىلەرگە بېرىپ، [illegible]ـول ماتېرىيال» غا ئىگە بولدى. بىر [illegible] قادىلىپ ئولتۇرۇپ، «گەج تاختىنى [illegible] غۇلجا خەلقىغە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتتى ۋە دۆلەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى» ناملىق بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. دوكلاتتا: گەج تاختا مىخلانغان ئائىلىلەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ ساق قالمىغانلىقى، بۇ ئىشتا شۆھرەتنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماستىن ئۆزۈمچىلىك قىلىپ، دۆلەتكە 16 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان سالغانلىقى، گەج مەستانىلىقىغا بېرىلىپ كېتىپ، باشقا ئىشلارنى تاشلىۋەتكەنلىكى ۋە بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئېغىرلىتىپ چارە كۆرۈش لازىملىقى ئېنىق يېزىلغانتى. ئۇ بۇ دوكلاتنى ئەتىسى ئەتىگەندە رايون مەسئۇللىرىغا سۇندى. شۆھرەتنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە بىرقانچە كۈن تالاش - تارتىش بولۇپ، ئابدۇغېنىنى قاتارلىقلارنىڭ قارشى چىققىشى بىلەن دوكلات تامامەن ئاغدۇرۇۋېتىلدى. مەسئۇل كادىر بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماستىن، دوكلاتنى يەنە كۆتۈرۈپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارىغا سۇندى. سېكرېتارغا سۇنۇلغان دوكلاتنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا بۇ ئىشقا رايونلۇق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ سۈكۈت قىلغانلىقى قىستۇرۇلغانىدى.

مۇئاۋىن سېكرېتار دوكلاتنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «شۆھرەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۈستۈن

www.uyghurkitap.com

ئىكەن، مۇنداق پاش كۆچلەرنى بايقاش، قوللاش لازىم، 16 مىڭ يۈەنلىك گەج تاختىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خاتالىقىدىن ئەمەس، بەلكى يامغۇر ئاپىتىدىن بولغان. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇلنى پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ئارتىشقا زادى بولمايدۇ» دەپ تەستىق سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇل كادىر بىر مەزگىل جىمىپ كەتتى. مەسئۇل كادىرنىڭ دوكلاتىدىن قورقۇپ يۈرگەن شۆھرەتمۇ قايتىدىن روھلىنىپ، سۇغا چىداشلىق ۋە بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان گەج تاختا ئىشلەش تەتقىقاتىغا كىرىپ كەتتى.

— ئەمدى ھەرقانچە بولسىمۇ تو-سالغۇلار تۈگىگەندۇ؟ — دېدى شۆھرەت ياردەمچىسى ئابدىقادىرنى چاقىرىپ، — ئىككىمىزنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپىمىزنىڭ بىرى، گەج تاختىنى سۇغا چىداشلىق قىلىپ ئىشلەش، يەنە بىرى، رەڭگىنى ئاق چىقىرىش بولسۇن، قانداق دەيسەن؟

— ئىشلەشكە كەلگەندىغۇ مەسىلە يوق، — ئابدىقادىر گەدىنىنى تاتىلاپ جاۋاب بەردى، — بىراق سەن ئىشىنىپ يۈرگەن ئاشۇ كادىرىڭدىن يەنە توسالغۇ كەلمەيدۇ، دەپ ئېيتالامسەن؟

— ھەر قانچە بولسا، يەنە ئىلگىرىكىدەك بولالار.

— سەن ھەمىشەم ئىشنى ئاسان چاغلايسەن، — ئابدىقادىر شۆھرەتنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈردى، — ئۇنىڭ ھېلىقى لولى كۆلكىسى بىلەن يۇمۇق كۆزى بارلىقى يەنە ھەر بالا كېلىدۇ. بولۇپمۇ سېنىڭدەك ياۋاشنى تېپىۋالىدىغان بولسا، ئېشەك قىلىپ مىنىۋېلىشتىن يانمايدۇ. ئەسلى بۇدا راسا بىر تېتىتىپ قويىدىغان ئىش ئىدى، لېكىن سەن سۈكۈت قىلدىڭ. مەن سەندەك ئادەم بولىدىغان بولسام، قولۇڭ قايسى، دېسە، كۆزۈڭ ماۋۇ دەپ، قولۇمنى كۆزىگە تىقىۋالاتتىم.

— تىللىساڭمۇ، سۈكۈت قىلساڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — شۆھرەت قەددىنى رۇسلاپ ئېغىر تىندى، — مۇشۇ كۈندە جاھاننىڭ خاپىچىلىقىنى كۆتۈرگۈچىلىكى بارمۇ؟ ئۇنداق ئادەملەرگە گەپ بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تاقابىل تۇرغاندىن ياخشى چارە يوق.

— بۇ گېپىڭمۇ توغرا، — ئابدىقادىر ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولدى، — ئۇششۇقلارغا ئۇششۇقلۇق قىلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، ئاقىلنىڭ ئىشى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش، دېمەكچىمسەنغۇ؟!

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، — شۆھرەت ئەسلى مەقسىتىگە كۆچتى، — ئىشنى ئەتە چوقۇم باشلىۋېتىمىز. مەن ئىشىنىمەنكى، بىز ئىشلىگەن ۋە ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقان مىللىي نۇسخىدىكى گەج تاختىلار رىقابەت كۈچى زور، بازىرى ئىتتىك تاۋار بولۇپ، باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىچىدە يېتەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.



تەتقىقات ئۇن نەچچە كۈن داۋام قىلدى. شۆھرەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ بوش بولۇپ قېلىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ، گەج پاراشوكىغا سولياۋ تالا بىلەن قەغەز ئۇگۇندىسى ئارىلاشتۇرغانلىقتىن بولغانلىقىنى مۇقىملاپ، بۇنى ئىش-

لەتمەسلىك قارارىغا كەلدى ۋە ئۇن نەچچە كۈن جەريانىدا ئۇن نەچچە خىل ئەشيانى ئارىلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتكۈزەلمىدى. ئەڭ ئاخىرى تاشپاختا ۋە ئەينەك ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەمما بۇ تاختىنىڭ يەنىلا سۈنى سۈمۈرۈشى ئىلگىرىكىدىن پەرقلەنمىدى. ئۇ غۇلجىدا بارلىكى يىلىملەرنى ھەتتا يوقلىرىنى تېپىپ ئەكىلىپ سىناق قىلغان بولسىمۇ، تاختا يەنىلا تەلەپتىن 70% يىراق چىقتى. شۆھرەت يېڭى بىر خىل بىرىكمە ئىشلەش قارارىغا كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ سىناقنى باشلىغاندىن بۇيان زادى قانچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تىرىشچان ئادەملەر مەغلۇبىيەتنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ تەخمىنەن 150 ـ نۆۋەت ئىشلىگەن بىر خىل خىمىيىلىك بىرىكمىسى تەلتۆكۈس غەلىبىلىك چىقتى. بۇنى گەج تاختىنىڭ ئۈستىدىن سەل كۆپرەك بەرگەندە تاختا چىنىدەك جارائلىدى، يۈزىدە نېپىز بىر خىل پەردە ھاسىل بولۇپ، بىر تامچىمۇ سۇ ئۆتمىدى. 50 سانتىمېتىر گەج تاختىنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى 70 كىلوگرامغا، يامغۇر سۈيىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى 98% كە يەتتى. بۇنداق تاختا مىخلانغاندا ئۆگزىدىن يامغۇر تامچىسى ئۆتسىمۇ، تاختىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئۆيگە ئۆتمەيتتى. ئۇ تاختىنى مىخلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوقتىلىق بىر قانچە يەردىن تۆشۈك ئېچىپ، تامچىنىڭ گەج تاختا ئۈستىدە تۇرۇپ سىپىتئۆيتىشىنىمۇ ئامالىنى قىلدى. شۆھرەت [illegible] جەريانىدا يەنە گەج تاختىنى [illegible] تىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئىسسىقتا پىشۇرۇپ [illegible] قوللىنىپ، تامامەن ئاق چىقىرىش [illegible] ئۆز تەجرىبىسىنىڭ غەلىبىلىك [illegible] قىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن [illegible] نى كېڭەيتىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ رايونىدىكى مەسئۇل كادىرلارنى كارخانىغا چاقىردى. شۇ كۈنى كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇغېنى بىلەن مەسئۇل كادىرمۇ بار ئىدى. رايونىدىكى كادىرلار شۆھرەت سىناق قىلىپ ياساپ چىققان گەج تاختىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقىشتى. ھەتتا سۇغا چىلاپ، ئۈستىگە چىقىپ سەكرەپ سىناپمۇ بېقىشتى. پۈتۈن ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇغېنى يېنىدىن نەپەس ئېلىپ، شۆھرەتنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

ــ ئەمدى مۇشۇ جەھەتتىكى تەجرىبىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز، ــ دېدى ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىكى يولداشلار شۆھرەتكە سوئال تاشلاپ. شۆھرەت پۈتۈن تەجرىبىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ، كەينىدىن ئۆزى يازغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ قايسى بىرىكمىلەرنى ئارىلاشتۇرغاندا مەغلۇپ بولۇپ، قايسى بىرىكمىلەرنى ئارىلاشتۇرغاندا غەلىبە قىلغانلىقىڭىزنى تەپسىلىي دېمىدىڭىزغۇ؟ ــ سورىدى مەسئۇل كادىر بىر قاتار لولى گەپلەرنى قىلدۇەتكەندىن كېيىن شۆھرەتتىن. ئۇ، شۇ سوئالنى قويغاندا شۆھرەتنىڭ ياردەمچىسى ئابدىقادىر: «ھەرگىز دېگۈچى بولماڭ» دېگەن مەنىدە قولىنى ئۇياق ـ بۇياق

قا ئاستا پۇلاڭلاتتى. ئۇ، دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىدە مەسئۇل كادىر يۇقىرىقى سوئالنى يەنە بىر قايتىلىۋېتىپ، كۆپچىلىككە قاراپ شۇنداق دېدى:

— ھەر ھالدا قىلغان ئىشنى ئىسپاتلايدىغان كونكرېت ئۇسۇلنى دېيىشى كېرەككۇ دەيمەن - ھە، يولداشلار؟

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ تولىسى مەسئۇل كادىرنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، كەينى-كەينىدىن شۆھرەتنى ئۇسۇلنى دەپ بېرىشكە قىستىدى. شۆھرەت خىجالەتچىلىكتىن ئابدۇقادىرنىڭ شەرەت قىلغىنىغىمۇ قارىماستىن تەجرىبىسىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. يانچۇقىغا كىچىككىنە ئۈنئالغۇ سېلىۋالغان مەسئۇل كادىر ئۇنىڭ بارلىق گېپىنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

يىغىن ئەھلى قايتىدىغان چاغدا شۆھرەتنىڭ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىقىنى مۇقىملىۋەتتى.

شۆھرەت سىناق قىلىپ چىققان يېڭى گەج تاختىنى ئىشلەشكە كارخانا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت تەييارلىق قىلدى. بۇ جەرياندا كېرەكلىك خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈلدى. غۇلجىدا يوق بەزى كەم نەرسىلەر باشقا رايونلاردىن سېتىۋېلىندى. ئەمدى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن بېرىلىدىغان 20 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كەلسىلا ئىش باشلىنىپ كېتەتتى. بۇ پۇلنى جەدۋەل يوللاپ ئېلىشقا مەسئۇل كادىر تەيىنلەنگەنىدى. 15 كۈنگە قالماي يېتىپ كېلىدىغان پۇل بىرەر ئايغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ تېخىچە يېتىپ كەلمىدى. شۆھرەت بۇنىڭغا تىت - تىت بولۇپ، مەسئۇل كادىرنىڭ قېشىغا نەچچە نۆۋەت باردى.

16

مەسئۇل كادىر شۆھرەتنىڭ كارخانىسىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىلانىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ كۆڭلى يېقىن بىر ئادەمگە قەرز پۇل جەدۋىلىنى كېچىكتۈرۈپ يوللاشنى ئورۇنلاشتۇردى. گەج كارخانىسىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش، توك لىنىيىلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش باھانىسىدە توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىگە توكنى توختىتىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، لېنتىغا ئېلىنغان شۆھرەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى بىخارامان بىرمۇ بىر خاتىرە دەپتىرىگە قوندۇردى. كۆچۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، نەچچە ئونلىغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ «گەج تاختا ھەققىدە» دېگەن ئۇزۇن بىر ئىلمىي ماقالە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. شۆھرەت پۇلنىڭ يېتىپ كەلمىگىنىگە تىت - تىت بولۇپ، ئاخىر بىر كۈنى پۈتۈن ئەھۋالنى رايون باشلىقى ئابدۇغېنىگە مەلۇم قىلدى. ئابدۇغېنى شۇ كۈنىلا مەسئۇل كادىرنىڭ ئۆيىگە باردى.

— قەرز پۇل جەدۋىلىنى نېمە ئۈچۈن تېخىچە يوللىمىدىڭىز؟ — ئادەتتە تولىمۇ ئېغىر بېسىق يۈرىدىغان ئابدۇغېنىنىڭ كەۋدىسىنى ئۈستەلگە چاپلاپ ماقالە يېزىۋاتقان مەسئۇل كادىرنى كۆرۈپلا جۇدۇنى بىردىن ئۆرلىدى، — ئۇقۇپ قويۇڭ، پۈتۈن كارخانىدىكى ئىشچىلار ئاشۇ پۇل-

غىلا قاراشلىق.

— يو ... يوللىۋەتكەن، — مەسئۇل كادىر دۇدۇقلاپ قالدى.

— قاچان يوللىدىڭىز؟

— ئىككى ئاي بولۇپ قالدى.

— مۇشۇ ۋاقىتقىچە كەلمىگەن قانداق پۇل ئۇ؟ — ئابدۇغېنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — ئەكىلىڭە يوللىغان ئاشۇ جەدۋىلىڭىزنىڭ نۇسخىسىنى كۆرۈپ باقاي.

— ئە... ئەسلى × × غا ئورۇنلاشتۇرۇۋىدىم، — مەسئۇل كادىر سەۋەب كۆرسەتتى، — تۈنۈگۈن سۈرۈشتۈرسەم، ئەتە يوللايمەن دىۋىدى، بەلكىم بۇ چاققىچە پوچتىغا سېلىۋەتتىمىكىن دەيمەنا.

— تېخى يوللانمىدى دېسىڭىزلا بولمامدىمۇ؟ — ئابدۇغېنى گەپنى ئۈزدى، — ئاشۇ جەدۋەلنى هازىرنىڭ ئۆزىدىلا تولدۇرۇپ ماڭا بېرىڭ، مەن ئەتە ئورۇمچىگە ماڭىمەن، قەرز پۇلنى ئۆزۈم ئالغاچ كېلەي.

ئابدۇغېنى مەسئۇل كادىر تولدۇرۇپ بەرگەن جەدۋەلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىككى ئايدىن بۇيان هەل بولمىغان پۇل ئابدۇغېنىنىڭ ئورۇمچىگە بېرىشى بىلەنلا بىر هەپتە ئىچىدە كارخانىغا يېتىپ كەلدى. شۆھرەت بۇ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، دەرهال كېرەكلىك ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ، پۈتۈن تەييارلىقلارنى پۇختىلىۋالدى. ئەمدى ئىش باشلانسىلا بولاتتى. بىراق 1987 - يىلى 9 - ئايدا توختاپ قالغان توك بەش ئايدىن بۇيان كەلمىگەنىدى. مەسئۇل كادىرنىڭ تەكلىپ قىلغان توكچىسى ئۇنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پۈتۈن كارخانىنىڭ توك سىمىنى قارتىپ بولدى، توك كەلسىلا ئىشىنىلار، مىڭىپ، شۆھرەتنىڭ يېڭىدىن لايىھىلىگەن ... تاجىتلىرى چىقىشقا باشلايتتى. رايون مەسئۇل كادىرنى توكقا مەسئۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن توك تېخىچە كەلمىدى، بۇنىڭدىن تىت - تىت بولغان ئابدۇغېنى ئاخىرى ئۆزى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەنىدى، چاپتاققا ئۇلار مەسئۇل ئەمەس بولۇپ چىقتى. توك شۇ كۈنىلا كەلدى، لېكىن كۆتۈلمىگەن يەردىن چوڭ چاتاق چىقىپ، دىۋىگاتېل بىراقلا كۆيۈپ كەتتى. شۆھرەت توكچىغا توك يوللىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتىۋىدى، ئۇ، مەسىلىنى دىۋىگاتېلغا ئارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىر دىۋىگاتېل سېتىۋېلىپ توكنى ماڭغۇزۇۋىدى، نەتىجە ئوخشاشلا چىقتى. توكچى يەنىلا مەسىلىنى دىۋىگاتېلغا ئارتىپ تۇرۇۋالدى. 5 مىڭ سومدەك پۇلنىڭ بىكار بولۇشى كىچىك بىر كارخانا ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاسان ئىش ئەمەس. شۆھرەت لېۋىنى چىشلەپ يەنە بىر دىۋىگاتېل سېتىۋالدى. ئەگەر بۇمۇ كۆيۈپ كەتسە، كارخانىنىڭ پۇلى تۈگەيتتى.

ئۇ توكنى ئۇلىغاندىن كېيىن، توك مېڭىپ سېكۇنت ئارىلىقىدا توك سىمىدا چاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۆھرەت دىۋىگاتېلنى توختىتىپ، سىرتتىن بىر مانتيورنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق توك سىملىرىنىڭ تامامەن خاتا ئۇلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. نېمىشقىدۇر بۇ ئىشلار پەقەت سۈرۈشتۈرۈلمىدى.

مەسئۇل كادىرنىڭ قۇرغان قاتمۇقات توساقلىرى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ئۇنىڭدا شۆھرەتنى كارخانىدىن قوغلىۋې-

تىش ئىقتىدارى قالمىغانىدى. ئەمدى گەپ ئۇ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، پۈتۈن كەشپىياتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا يوللىۋەتتى. ئۇ دەرھال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە كېلىپ، شۆھرەت لايىھىلىگەن گەج تاختىسىنى كېڭەيتىپ ئىشلەشكە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. بىر - بىرىدىن ئاق ۋە سۈزۈك، كۆركەم، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە گەج تاختىلار خۇمداندىن كەينى - كەينىدىن پىشىپ چىقىشقا باشلىدى. خېرىدارلار ئىلگىرىكى شەخسىيلەردىن مانا ئەمدى كوللېكتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا يۈزلەندى. قۇراشتۇرۇش سېخىدىكى ئىشچىلارمۇ چاپ - چاپ بولۇپ كەتتى. ئاۋارىچىلىق ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان تۈنۈگۈنكى ئاددىي گەج سېخى مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن پۈتۈن جامائەتچىلىكنى تاڭ قالدۇردى. شۆھرەت لايىھىلەپ چىققان توزانسىز بورمۇ پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، خېرىدارلىق مەھسۇلاتقا ئايلاندى. ئەمدى مەسئۇل كادىر پۈتۈن نەتىجىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىپ داۋراڭ سالدى. ھەتتا بىر قېتىم شۆھرەت بار يەردىلا كۆپچىلىككە: «مۇشۇ گەج زاۋۇتىنى قۇرۇش ۋە بېسىمغا، ھۆل - يېغىنغا چىدامىلىق مىللىي ئۇسلۇبتىكى ھازىرقى گەج تاختىسىنى ئىجاد قىلىشتا، ياشلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شۆھرەتنى بىرقەدەر مۇكەممەل تېخنىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم» دېدى. بۇ گەپ شۆھرەتنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئەق مەيداندا بىر نېمە دېمىدى. بۇنىڭغا ۋىجدانى چىدىمىغان ئابدىقادىر شۆھرەتكە:

— ئاۋۇ پوپايغا نېمە ئۈچۈن رەددىيە بەرمەيسەن، ئاغزىدىكى ئاشقا چاڭ سالسا، قاراپ تۇرساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى.

— ئىنسان نام - شۆھرەت بىلەن ئەمەس، ياراتقان بايلىقى، كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ، — دېدى شۆھرەت ياردەمچىسىنىڭ گېپىگە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەركىم چايناپ يېگەن تامىقىنىڭ تەمىنى ئۆزىلا بىلىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بىر ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا يوللاپتىمىش، مېنىڭ دەپ بەرگەن تەپسىلاتلىرىمنىڭ ئارىسىدا تاماقنىڭ ھەممە خۇرۇچلىرى بولسىمۇ، تۇزى يوق. ئۇ ئاشۇنداق ئىددىيە بىلەنلا بولىدىغان بولسا، بۇ سىرنى مەڭگۈ يېشەلمەيدۇ، كۆرۈپ تۇر، ئۇ ئوغرىلاپ كەتكەن ۋاپادار كەپتىرىم، ئاز ئۆتمەي ئۇچۇپ كېلىدۇ.

ئۇنىڭ دېگىنى راست چىقتى. شۆھرەتنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ زاۋۇتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇچقۇن پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. مەسئۇل كادىرنىڭ ماقالىسى بولسا، ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىشتەك تۇترۇقسىزلىقى بىلەن كەشپىيات ئەمەس داشقايناق ئىكەن، دەپ قولىغا قايتۇرۇلدى.

مەسئۇل تەھرىر: ئارسلان.

www.uyghurkitap.com

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا بىرلەشمە ئەزالىرىنىڭ 450 تىن ئارتۇق ۋەكىلى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇ، تاجىك، شىبە، تاتار، داغۇر، رۇس، ئۆزبېك، مانجۇ، تۇجيا قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ۋە ماھىر ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى بار.

قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ كۇيتىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ياسىن خۇدابەردى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

يولداش ياسىن خۇدابەردى 8 يىلدىن بۇيان ئاپتونومىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرەلەيمىزكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئەڭ جانلانغان، كۆپ خىللاشقان بىر تارىخىي مەزگىلگە قەدەم قويدى... يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ‹مەدەنىيەت قىزغىنلىقى› دا نۇرغۇن ئالىملار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر مىللىي مەدەنىيەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەتتە ئويغىنىش ۋە باش كۆتۈرۈش ۋەزىيىتىنى يارىتىش تىن ئىبارەت تولۇپ تاشقان كۈچلۈك ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا تۈرتكە بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كونىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىنى يارىتالايدۇ».

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈخۇ قۇرۇلتايغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «8 يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن

ھەرقايسى ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەت-
لىرى ژۇرنال چىقىرىش، كۆرگەزمە قىلىش،
كۆرەك ئۇيۇشتۇرۇش، باھالاپ مۇكاپاتلاش
قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر-
قايسى ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىدا
بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بار-
لىققا كەلتۈردى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
رولىغا بولغان تار چۈشەنچىمۇ قەدەممۇ-
قەدەم تۈگىتىلگەنلىكى، سىياسىينى ۋە
تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈش رامكىلىرى چۆ-
رۈپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىجادىيىتىدە تېمىلارنى ئې-
چىش جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىي
ئۇسلۇب جەھەتتە بولسۇن، ئىلگىرىكىگە
قارىغاندا بۆسۈشلەر بولدى.»
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قۇرۇلتايغا
قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.
(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى.)

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ۋۇجۇدقا
كەلتۈرۈلگەن 86 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى
يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، ئەدە-
بىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 11
كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەيئەت رىيا-
سىتىنى سايلاپ چىقتى.
يولداش قەييۇم تۇردى قۇرۇلتايدا
يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ قۇرۇلتاي-
غا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن «ج ك
پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرى-
سىدىكى بىر قانچە پىكرى» نى ئەستايى-
دىل ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈ-
رۈپ، ئوبزورچىلىقنى كۈچەيتىپ، ئېلى-
مىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىشلىرىغا مول تۆھپە قوشۇشنى
سەمىمىي ئۈمىد قىلدى ھەمدە كۆپچى-
لىكنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن ئىشەنچىسى،
ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى
بىلدۈردى.

## جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ
## 4 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچى،
شائىرلىرى ئۇزۇندىن بۇيان تەقەززالىق
بىلەن كۈتكەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەم-
ئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 4 - قۇرۇل-
تىيى يېقىندا ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتتى.
خەلقىمىزدە «كۈننىڭ ئىشى سە-
ھەردىن، يىلنىڭ ئىشى باھاردىن باشلى-
نىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ قېتىمقى قۇ-
رۇلتاي مانا شۇنداق خاسىيەتلىك چاغ-
دا — يېڭى باھار يېتىپ كەلگەن، «ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدى-
كى بىر قانچە پىكرى» يېڭىلا ئېلان قى-
لىنغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى غەلىبە
بىلەن ئاياغلاشقان پەيتتە چاقىرىلدى.
قۇرۇلتاي 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا جۇڭگو يازغۇچىلار
جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 742
نەپەر ئەزاسىغا ۋەكالىتەن 176 نەپەر
ۋەكىل قاتناشتى. بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە

ھەر مىللەتتىن بولغان، ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان مول ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈ-
رۈشكە كۆپلىگەن تۆھپە قوشقان پېشقە-
دەملەر، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق
ئوتتۇرا ياشلىقلار ھەمدە يېڭىلىق يارى-
تىش روھىغا باي ياشلار بار.
قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قۇرمانالى ئوس-
پان قاتارلىقلار قاتناشتى. يولداش جا-
نابىل تەبرىك سۆزى سۆزلىدى (تولۇق
تېكىستى ئايرىم بېرىلدى). جۇڭگو ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى يولداش
ۋاڭ گۇلىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيى-
تى شۇجىچۇسىنىڭ تەبرىك خېتىنى ئو-
قۇپ ئۆتتى. تەبرىك خەتتە مۇنداق دې-
يىلىدۇ: «جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆ-
بىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ كۆپ
مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ۋە-
زىيەتتە، پۈتكۈل ئەدەبىيات ساھەسىدە
ئىنىچ - ئىتتىپاق، دېموكراتىك، ئىناق
بولۇشتەك كەيپىيات بارلىققا كەلگەن
ئەھۋالدا ئېچىلدى... شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان گۈزەل، بىپايان، بايلىقى
مول جاي. بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىل-
لەت خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئە-
نىگە ۋە ئاجايىپ قايناق رېئال تۇرمۇشقا،
چاقناپ تۇرۇۋاتقان شانلىق تارىخىي مە-
دەنىيەتكە ۋە رەڭدار، كۆپ خىل ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە. مانا بۇلار شىنجاڭنىڭ
كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلان-
دۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتى بولۇپ
قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ جۇڭگو كو-
مۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يى-
غىنىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى، ئوبزورچىلىرى،
تەرجىمانلىرى ۋە تەھرىرلىرى پارتىيى-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش، بارچە گۈللەر تەك-
شى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەس-
تە سايراش دېگەندەك فاڭجېن، سىياسەت-
لىرىنىڭ ھەمدە مىللىي سىياسىتىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل
مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش
ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، باشقا مىللەت-
لەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىيات بىلىملىرىنى
ئۆگىنىش ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، جا-
پاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، مىللەت-
لەرنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە جىلۋىدار
ئەدەبىياتى گۈللىرىنى تىيانشاننىڭ كەڭ
ئېتەكلىرىدە ئېچىلدۇردى. ئەسەرلەرنىڭ
ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى
بارغانچە روشەن ھالدا دەۋر روھىغا ۋە
مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك ئالاھىدى-
لىككە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەدەبى-
يات ئېلىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ھەر مىل-
لەت كىتابخانلىرىنىڭ ئالقىشىغا، مەدھىيى-
سىگە ئېرىشتى، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىغا رەڭ - ھۆسن،

www.uyghurkitap.com

تۆھپە قوشتى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا نەتىجىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، جاسارىتى ئۆسىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، باتۇرانە ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.»

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەئىسى ئابلىز نازىرى جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ 3 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «... ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئېلان قىلغان (نەشر قىلدۇرغان) رومان 81 گە، پوۋېست 244 پارچىگە، ھېكايە توپلاملىرى 122 گە، شېئىر توپلاملىرى 210 غا، كىنو، تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى 209 غا يەتكەن. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاشلاردا 92 نەپەر يازغۇچى، شائىر، تەھرىر ۋە تەرجىمان مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ دەۋر دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز، مېۋىسى ئەڭ مول بولغان دەۋر بولدى... بۇ سەككىز يىلدا 84 پارچە ئەدەبىي ئەسەر مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بەزى ئەسەرلەر ياپون، نېمىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللەردە نەشر قىلىندى... شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات شەكلى سۈپىتىدىكى شېئىرىيەتتە ئەتراپلىق، چوڭقۇر راۋاجلىنىشلار بولدى. سىياسىي لىرىكىلاردىن سىرت، باللادا، چوڭقۇر پەلسەپىۋى، كۆپ قاتلاملىق پىكىرلىك ئەسەرلەر، ساتىرا، مۇھەببەت لىرىكىلىرى قاتارلىق تۈرلەرمۇ بەس - بەستە مەيدانغا كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئېچىش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېڭى شېئىرىيەت تەشەببۇسكارلىرى سۈپىتىدە ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلب قىلماقتا... ئەسلىدە بىرقەدەر ئاجىز بولغان پروزا ئىجادىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكلىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ رومان، پوۋېست ئىجادىيىتى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئەدەبىياتنى مىللەتنىڭ تارىخىي تەقدىرى ۋە دەۋرنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىنى تېخىمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى... ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ۋە خاتىرە ئەدەبىياتىدىمۇ يۈسۈش خاراكتېر-

ئورتاق پىكىر يۈرگۈزۈلىدىغان تەرەققىياتلار بولدى... ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە بىرقەدەر جانلىنىش بولۇۋاتىدۇ.»

يولداش ئابلىز نازىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى: «... ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ سۈپىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس؛ ھەم دەۋر تومۇرى چىڭ تۇتۇلغان، ھەم قويۇق مىللىي تۈس ئالغان، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، چوڭقۇر قايىل قىلارلىق سەۋىيىسى يۇقىرى ئەسەرلەر بەك ئاز؛ ئىجادىيەت قوشۇنىمىز ئادەم سانى جەھەتتە خېلى زور بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ـ بىلىم ساپاسى ۋە تەربىيىلىنىش جەھەتتە تېخى تۆۋەن، مەملىكەت بويىچە تەسىرى بار، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرى بەكمۇ كەم؛ بەزى ئاپتورلاردا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئىسلاھاتقا ئارىلىشىش ئىڭى يېتەرسىز، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۇرمۇشتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت؛ ئىلمىي، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى، ئەدەبىي تەنقىد تېخى داغدۇغىلىق، جانلىق قانات يېيىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ؛ ئەدەبىيات قارشىنىڭ كونىراپ كېتىشى، ئومۇمىي ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن ئۈچۈرسىز قېلىش، داددىللىق بىلەن ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ئىجادىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە؛ مىللەتلەر ۋە رايونلار ئارا ئەدەبىيات ئالغا سۈرۈشتا، بىزدە ئاڭلىق تۈردە ئېچىۋېتىش ۋە رىقابەتلىشىش ئېڭى يېتەرسىز؛ بارلىق پايدىلىق مەدەنىيەت ئوزۇقلۇقىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى بېيىتىش ۋە ئۈستۈرۈشكە ماھىر بولالمايۋاتىمىز. بەزى يولداشلار كونىلىقتا ئىسلاھ قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى قامال قىلىۋېلىپ، مەيتا ئۆزىدىنمۇ ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.»

«ـ نۆۋەتتە، — دېدى يولداش ئابلىز نازىرى، — ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە قىممەت قارىشى بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى ۋە كۆپ خىللاشتى. بىز يېڭى ـ كونا تۈزۈم ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇۋاتقان، ھەر خىل ئاڭلار توقۇنۇشۇۋاتقان دەۋرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ياخشى شارائىت ۋە خېيىم ـ خەتەر، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق، ئۈمىد ۋە گاڭگىراش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە يۈزلەنمەكتىمىز. بۇ ھال ھەم ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور پۇرسەت ۋە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەردى، ھەم ئەدەبىياتنى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىغا يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قانداق قىلىپ يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ دەۋر بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ، ئورتاق گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ

زۇشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر بول-
غان جىددىي مەسىلە.»

يولداش ئابلىز نازىرى شىنجاڭ-
نىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك
ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق
قىلىپ تېزلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستى-
دە توختالغاندا، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد
قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىش،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ «خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىش» يۆنىلىشى بىلەن «بارچە
گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم
بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ
دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشى-
نىش ۋە ئۇنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش،
ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە كونىلىق-
نى ساقلاشنى تۈگىتىش، ئۆگىنىشنى كۈ-
چەيتىش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قاينى-
مىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېڭى دەۋر تۇرمۇشىدى-
كى يېڭى ماھىيەتنى ئىگىلەش، يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجادىيەت-
چىلەر ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇش، ئەدەبى-
يات ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قانۇ-
نىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە
ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش، ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش خىز-
مىتىنى ئوبدان يولغا قويۇش، ئەدەبىي
تەنقىد - ئوبزورچىلىق، ئەدەبىيات نەزە-
رىيىسى تەتقىقاتىنى ياخشى قانات يايدۇ-
رۇش قاتارلىقلارنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تە-
كىتلەپ كۆرسەتتى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، يىغىنغا قات-
ناشقان ۋەكىللەر «ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنى-
مۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە
پىكرى»نى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتو-
نوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدىكى تەب-
رىك سۆزىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىلنىڭ
تەبرىك سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،
شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەز-
ىيىتى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى.
ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش
ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۈزۈلمە
ئىسلاھاتىغا دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە
قىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ نىزامنامىسىنى يېڭى-
دىن تۈزۈپ چىقتى. تولۇق كېڭىشىش،
ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش ئار-
قىلىق، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 68 كىشىدىن تەركىب
تاپقان 4 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنى ساي-
لاپ چىقتى. ئارقىدىنلا چاقىرىلغان 4 -
نۆۋەتلىك مۇدىرىيەتنىڭ 1 - يىغىنىدا
يېڭىدىن سايلانغان مۇدىرىيەت ئەزالىرى
ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق يازغۇچىلار جەم-
ئىيىتىنىڭ 23 نەپەر دائىمىي مۇدىرىيەت
ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلەرنى سايلاپ
چىقتى.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسى-
يالىستىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش
يولىدا ئۈزۈلدىن بۇيان ھاردىم - چارچىدىم
دېمەي جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ مول
تۆھپە ياراتقان، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى
ئىناۋەتكە ئىگە ۋاڭ يۈخۇ، ئابلىز نازىرى،
ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئۈچ پېشقەدەم

يولداشنىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنغانلىقى جاكارلانغاندا، پۈتۈن زالدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. يولداش ۋاڭ يۈخۇ، يولداش ئابلىز نازىرى سۆز قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆزلىرىگە بىلدۈرگەن ھۆرمەت، ئىشەنچىسىگە تەشەككۈر ئېيتتى ھەمدە كۆپچىلىك بىلەن بىللە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى تېزدىن گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن سۆز قىلىپ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۈزۈل - كېسىل ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى، ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

## ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىن زالىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، خەلقىمىزنىڭ ياخشى پەرزەنتى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، قەييۇم باۋۇدۇن، فېڭ داجېن، خەلچەم ئىسلام، بادەي، توختى سابىر، قۇرمانئەلى ئوسپان، تاھىر مەتنىلى، ئىبراھىم روزى قاتارلىقلار ھەمدە شائىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، ھەر مىللەتتىن بولغان كەسىپداشلىرى بولۇپ 1500 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

زالغا شائىرنىڭ چوڭايتىپ سىزىلغان، چۆرىسىگە قارا تاۋاردىن قارىلىق تۇتۇلغان رەسىمى ئېسىلغان، مەرسىيىلەر يېزىلغان قارا تاۋارلار ۋە گۈلچەمبىرەكلەر قويۇلغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن يىغا كېلەتتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر رىياسەتچىلىك قىلدى. ھەيۋەتلىك ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىپ، ھەممەيلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل تەزىيە سۆزى سۆزلىدى (تەزىيە سۆزىنىڭ تېكىستى ئايرىم بېرىلدى).

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سەيپۇل يۈسۈپ

تەزىيە تېلېگراممىسى، تەزىيە خەتلىرى ھەمدە گۈلچەمبىرەك ئەۋەتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئون نەچچە ئورگان؛ يۈننەن قاتارلىق 17 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى؛ ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قاراشلىق ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، مەدەنىيەت، سەنئەت، تەشۋىقات ۋە مائارىپ تەشكىلاتلىرى، گېزىت - ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈملىرى، مەكتەپلەر، شۇنىڭدەك مەشھۇر زاتلار ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى يىغىنغا 450 پارچىغا يېقىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى، ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ مېڭ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق 80 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى ياكى مەرسىيە ئەۋەتتى.

شائىرنىڭ ۋاپاتى چەت ئەللىك دوستلارنىمۇ ئېغىر قايغۇغا چۆمدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ھەمدە س س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ، دولقۇن ياسىنوۋ، پاتىگۈل سابىتوۋا، رابىك ئىسمائىلوۋ، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ، رەھىمجان روزىيېۋ، مۆدىن ھەمرايېۋ قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كامىل قالىيېۋ قاتارلىق دوستلارمۇ تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئەۋەتتى. بۇ تېلېگراممىلاردا چەت ئەللىك دوستلارنىڭ شائىرنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇسى ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوينىغان رولىغا، تۇتقان ئورنىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەن.

شائىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ، سانسىزلىغان يۈرەكلەرگە جۇدالىق خەنجىرىنى سانجىدى.

1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شائىرنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇسىنى ئىپادىلىدى. تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ پارتكومى بىلەن مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى فاكۇلتېت، باشقارما ۋە بۆلۈملەردىكى خادىملار، «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، خوتەن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 350 كە يېقىن كىشى قاتناشتى. تەزىيە يىغىنىدا مەرھۇم شائىر تېيىپجاننىڭ ئىجادىي ئۆمرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى ۋە خوتەنگە بارغان مەزگىللىرىدىكى پائالىيەتلىرى ئەسلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتتۈلدى، شائىرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيىلەر ئوقۇلدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. شۇمۇناسىۋەت بىلەن قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت يۇرتى، رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە شائىر ھاياتىغا بېغىشلانغان مۇشائىرە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتتە شائىرنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلغان مەرسىيىلەر بىلەن شائىرنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئوقۇلۇپ، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە ئاڭلىتىلدى.

شېئىرىيەت ئىشقىدا پىرىم ئەسىر لاۋۇلدىغان بىر ئوتلۇق يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن تۇرغۇزۇلۇپ چىققان ئېسىل مىسرالار مىللىتىمىزنىڭ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ، چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ئارىسىدا بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك ھەم بۇرۇنقىدىنمۇ يېقىملىق ياڭرىماقتا.

شائىرنىڭ جىسمىنى ئانا زېمىن ئۆز قوينىغا ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن مول ئىجادىي تۆھپىلىرى ھايات كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قالدى. شائىردىن مىراس قالغان بۇ خىل مەنىۋى بايلىق ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيدۇ.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

△ ئەدەبىيات گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئاتاقلىق شائىر بەي خۇا بىلەن بېي داۋ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىشقا قارىتا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەي خۇا ئالدى بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەل ئەدەبىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى سۆزلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو يازغۇچىلىرى بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قالسا، ئەلۋەتتە، ناھايىتى يۇقىرى شەرەپ بولاتتى. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر، جۇڭگونىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ باقمىغانلىقىنى، بىرىنچىدىن، باھالاش ھەيئىتىنىڭ جۇڭگوغا دىققەت قىلمايۋاتقانلىقى، ئىككىنچىدىن، جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ تەسلىكىدىن، دېيىشىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر شېن سۇڭۋېن ئەپەندى بۇ يىل ھايات بولغان بولسا بۇ مۇكاپاتنى چوقۇم ئالغان بولاتتى، دەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاپ بېكىتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغىنى، ئىجادىيەتنى ئۈزۈپ قويماي ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان يازغۇچىلاردۇر. ئەلۋەتتە، شېن سۇڭۋېن ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مۇكاپاتقا مۇناسىپ. ئەپسۇسكى، ئۇ 1949 - يىلىدىن كېيىن سىياسىي تەشۋىقات ئۈچۈن ئەسەر يېزىشنى رەت قىلغان. تاكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىنى بەك يۇقىرى ۋە بەك تۆۋەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. يەنە داۋاملىق تىرىشىش كېرەك.»

بېيجى داۋ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ
ئورنى ۋە بۇ مۇكاپاتنىڭ يازغۇچىلارنى ناھا-
يىتى بەك ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى ئىنكار
قىلمايدىكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى زا-
مان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى تېخى
تازا دېگەندەك ئەمەس، جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ
بۇ شەرەپكە ئىگە بولالمىغانلىقى تەرجىمە مەسى-
لىسى ياكى سىياسىي مەسىلە ئەمەس، ھالبۇكى،
سەۋىيە ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش، تىرىشىش
كېرەك. ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر ‹جۇڭگو ياز-
غۇچىلىرى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ چاققىچە بۇ مۇ-
كاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ؟› دەپ بەس - مۇنازىرە
قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئومۇمىيۈزلۈك نوبېل
مۇكاپاتى سەۋداسى بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.
مەن بۇنداق كېسەلدىن قاتتىق يىرگىنىمەن.»

△ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندا ئۇيغۇر
تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى»
گېزىتىنىڭ 1988 - يىلى 28 - سېنتەبىر
سانىدىكى خەۋەرگە قارىغاندا، قىرغىزىستاننىڭ
پايتەختى فرۇنزى شەھىرىدە تۈركشۇناسلار-
نىڭ 5 - نۆۋەتلىك يىغىنى بولۇپ ئۆتكەن.
ئۇنىڭغا قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، زاكاۋكازىيە
رېسپۇبلىكىلىرىدىن، موسكۋا، لېنىنگراد، نوۋو-
سىبىرىسكى، كىيېۋ، قازان شەھەرلىرىدىن، ياقۇ-
تىيە، تۇۋا، ئالتاي، خاكاسىيە، باشقىرتىستان
ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن تونۇلغان ئالىملار
قاتناشقان.

قىرغىزىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى-
نىڭ ئاكادېمىكى، دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى چىڭغىز
ئايتماتوۋ يىغىنغا قاتنىشىپ مۇنداق دېگەن:
«مېنىڭچە، ھازىرقى ۋاقىتتا، تۈركشۇناسلىقتىكى
چوڭ كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەت-
كى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى
تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، يازما يادىكارلىقلارنى
تەكشۈرگەندە يۈسۈپ بالاساغۇنىي ۋە مەھمۇد
قەشقەرىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئۇلار-
دىن كېيىن يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئاساسەن
ئۆز خەلقىغە تېگىشلىك قىلىپ كۆرسەتكۈسى
كېلىدۇ. ئۇلار يۈسۈپ بالاساغۇنىي ۋە مەھ-
مۇد قەشقەرىنى ھەممە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە
تېگىشلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ خەلقلەر ئۆز
يازما ئەدەبىياتىنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەرەق-
قىي ئەتكۈزۈپ كەلمەكتە، دەپ تەكىتلىمەكچى-
بولۇشىۋاتىدۇ. ئەمما مېنىڭ پىكرىمچە، يۈسۈپ
بالاساغۇنىي بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنى ھەممى-
دىن ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىغە تېگىشلىك، ئان-
دىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ ئۇلار-
نىڭ يازما ئەدەبىياتىنى شۇلاردىن كېيىن
باشلىغان دېسەك توغرا بولىدۇ. بۇ پىكىر
ئورخۇن - يەنسەي يازما يادىكارلىقلىرىغىمۇ مۇنا-
سىۋەتلىك. ئورخۇن - يەنسەيدىن تېپىلغان قەدى-
مىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى
مەكتەپ ئوقۇش قوراللىرىغا كىرگۈزۈش كېرەك.
ئەمما ھازىر ھەممە ئالىملار ئۆز خەلقىنىڭ
مەدەنىيىتىنى ئەڭ قەدىمىي قىلىپ كۆرسىتىشكە
تىرىشىۋاتقانلىقتىن، تۈركشۇناسلىقتا تار ئۇل-
ۇغۋارلىقتىن كۆپ زىيان تارتىش بايقالماقتا.»

△ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندا ئۇيغۇر
تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ
1989 - يىللىق 21 - يانۋاردىكى سانىغا قارى-
غاندا، تاشكەنتتىكى «دوستلۇق» كىتاب ماگى-
زىنىدا سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە نەشىر
قىلىنغان كىتابلار سېتىلغان. ئۆتكەن يىلى
بۇ يەردە جۇڭگو ئەدەبىياتى بۆلۈمى ئېچىلغان
بولۇپ ئۇنىڭدا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇر-
چە كىتابلار بار ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن تۇر-
لۇك ساھەلەر بويىچە لۇغەتلەر، دەرسلىكلەر ۋە
بەدىئىي ئەسەرلەر ئىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىياتلار،
شۇنداقلا مىللەتلەر نەشرىياتىدىن نەشر قى-

لىنغان «تارىخىي ھەمىدى»، «ئوغۇزنامە» ۋە باشقا ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بەزىلىرى ئىتتىك بولغان. ھازىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى سېتىلمۇۋېتىپتۇ. بۇيىل ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى كىتابلار يەنىمۇ كۆپلەپ سېتىلىدىكەن.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى يېقىندىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلەرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى باشلىغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېرىلگەن تەھرىر ئىلاۋىسىدە: «جاھان مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كەبى نەچچە ئونلىغان دانىشمەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ، پەيلاسوپ، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى زامانىمۇ مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىش يولىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئەدىبلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. گويا قەدىمىي ئەدەبىياتنىڭ ياشلىقى يېڭىباشتىن باشلىنىۋاتقاندەك بولماقتا... گېزىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇنتىزىم رەۋىشتە تونۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.» دېيىلگەن.

ئەنە شۇ مەقسەتتە بۇ گېزىتتە تۇنجى رەت بېرىلگەن «قەدىمىي ئەدەبىياتنىڭ ياشلىقى» دېگەن سەھىپىدە شىنجاڭلىق تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ياسىن خۇدابەردى، تۇرغۇن ئالماس، ئابلىمىت سادىق، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان.





تېيىپجان ئېلىيوپ دوختۇر-
خانىدىكى ۋاقتىدا بىر قىسىم پېشقە-
دەم ئەدىبلەر ۋە ئۆسمۈرلەر يوقلىدى.




تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ جەسىتى
بىلەن ۋىدالىشىش.



تەزىيە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتلەرنى غوپۇر قادىر، ئادىل ئابلا،
سۇن جيابىڭلار تارتقان.

www.uyghurkitap.com




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　　辑：《塔里木》编辑部
出　　　版：新疆人民出版社
印　　　刷：新疆新华印刷厂
发　　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 - يىل 5 - سان (339 - سان) . 39 - يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 58 - 66 . باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1.40 يۈەن .